ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

新疆地方志



2

2003

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

20 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 63 ـ سان

2003 ـ يىللىق

2 ـ سان

مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئابدۇرۇۋپ ئېلى

ئەخمەت روزى توغرۇل



تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇۋپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت



مەسئۇل مۇھەررىر:

ئەخمەت روزى توغرۇل


# مۇندەرىجە

## مۇجىجەتلەر


ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ......... ئىسمائىل تىلىۋالدى 1

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ......... نۇرلان ئابدۇلمەجىن 7

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلايلى ......... سۇي شۈجيې 13


## تارىخ سەھىپىسىدە


تۇمشۇقتىكى سوقۇش ......... مۇھەممەتئىمىن قۇربانى 24

شىنجاڭدىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ۋە فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ... ئايىمگۇل قابىل 27


## ئىلمىي مۇھاكىمە


«ئەمەلىيەت»مۇ ياكى «توقۇلما»مۇ؟ ...... سەيدۇللا سەيپۇللايوف 32


## تارىخىي ئەسلىمە


سەيپۇللايوفنى ئەسلەيمەن ......... ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قۇمۇلى 45


## يەر نامىلىرى تەتقىقاتى


«توقسۇ» نامى ۋە توقسۇ ناھىيىسىدىكى بەزى يەر نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ......... ئەخمەت روزى توغرۇل 52


## مەشھۇر شەخسلەر


ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يېتۈك ئۇستازى — ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللاھاجىم ......... ئەكبەر ياسىن 56


## ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن


ئورا ھەققىدە رىۋايەت ......................... مامۇت غازى 62


مۇقاۋىدا: ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن بىر كۆرۈنۈش ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

## ئىسمائىل تىلىۋالدى

(2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

يولداشلار:

بۈگۈن بۇ يەردە تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بۈگۈنكى بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. تەزكىرە خىزمىتى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان مۇھىم خىزمەت، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئىشنى مەلۇم قىلماقچىمەن.

بىرىنچى، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى. بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى بولدى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %9.4 ئېشىپ، يىللىق نىشانلانغان %9تىن ئېشىپ كەتتى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى تېز، ئۈنۈمى ياخشى، ھەرىكىتى مۇقىم بولدى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارمۇ مۇقىم تەرەققىي قىلدى.

ئىككىنچى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ئەھۋالى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەردە 6.8 بال يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بىۋاسىتە تەستىقىي يوليورۇق بەردى، زۇڭلى ۋېن جياباۋ ئاپەت رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاپەت رايونىدىكى قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن ئاپەت رايونىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىمۇ ئاپەت رايونىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلار بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، كۆپ تەرەپ ياردەم بېرىش ئەنئەنىسى بويىچە، ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئاپەت رايونىنىڭ قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە ناھايىتى زور مەدەت ۋە ياردەم بەردى. نۆۋەتتە، ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى،



جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى، ئاپەت رايونىدىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش خىزمىتىمۇ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ، بۇ يىل قىش كىرىشتىن بۇرۇن ئاپەتكە ئۇچرىغان بارلىق خەلقنىڭ يېڭى ئۆيگە كىرىشىگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ئىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولسىلا، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە ھەمكارلاشسىلا، بىز يېڭەلمەيدىغان قىيىنچىلىق يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئۈچىنچى، سارىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە سارىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بويىچە مەخسۇس خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكىتىمىزدە سارىس كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش، تارقىلىش، داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا دائىر ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئېتىبار بەردى ھەمدە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن سارىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا سارىس كېسەللى تېخى بايقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى سارىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بەردى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. سەھىيە، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈر يول، قاتناش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارمۇ ئالدىنى ئېلىش، قۇتقۇزۇش، داۋالاش جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى.

يۇقىرىقى ئۈچ ئىش پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى، خىلمۇ خىل پايدىسىز ئامىل ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يەنە بىز خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلساقلا خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنىمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا توختىلىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن رەسمىي باشلانغانىدى. 20 يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە خىزمىتىگە باشتىن ئاخىر يۈكسەك ئېتىبار بەردى ۋە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەئىسى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، تەزكىرە خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىدىن شۇنداقلا تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، مەدەت بەرگەن ھەر ساھە زاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدا مەملىكىتىمىزدە نى نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى ھەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلمىسە، غەربىي رايونمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلمەيدۇ، غەربىي رايون ھاللىق

www.uyghurkitap.com



سەۋىيىگە يېتەلمىسە مەملىكىتىمىزمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلمەيدۇ. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى مەملىكەت بويىچە تەڭ قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9تىن ئاشۇرۇپ، 2020 - يىلىغا بارغاندا 2000 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇندىن كېيىنكى 5 يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ھالقىلىق 5 يىل، بىز ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10تىن يۇقىرى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ۋەزىيىتى يارىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. قىسقىسى، نىشان كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، لېكىن ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەممە تەرەپ ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرنىڭ پائال قاتنىشىشى ۋە بوشاشماي تىرىشىشىغا مۇھتاج. تەزكىرە خىزمىتىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشى لازىم. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا تەزكىرە تۈزگۈچىلەر چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، بۇرۇچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيىتىنى ئاڭلىق چۆرىدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان روھىي ھالەت بىلەن خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش لازىم. تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا بىر نەچچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. تەزكىرە خىزمىتىگە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش كېرەك**

پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى — پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 - باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان يېڭى ۋەزىيەتتە چاقىرىلغان بىر قېتىملىق ناھايىتى مۇھىم قۇرۇلتاي. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن دوكلاتىدا، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش، قانداق يولدا مېڭىش، قانداق كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئوخشاش زور مەسىلىلەر شەرھلەنگەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ دوكلات، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يېڭى ئەسىردە داۋاملىق باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىدىكى سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى شۇنىڭدەك ماركسىزملىق پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. تەزكىرە خىزمىتى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، تەزكىرە خادىملىرى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىگە 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھى بىلەن بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ چوقۇم ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ بىر مۇھىم تارىخىي تۆھپىسى. 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ نېگىزى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ئىگىلەش، بولۇپمۇ «ئاچقۇچ — دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يادرو — پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىدا چىڭ تۇرۇش، ماھىيەت — ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خەلقنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش»تىن ئىبارەت توپ تەلەپنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. تەزكىرە خادىملىرى ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ شاھىدلىرى، ھەم ئۇنى خاتىرىلىگۈچىلەر، كەلگ تەزكىرە خادىملىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تارىخىي يۈكسەكلىكتە ۋە سىياسىيونلۇق يۈكسەكلىكدە تۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تەرەققىياتنى سادىقلىق بىلەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن خاتىرىلەپ، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە قويۇق دەۋر تۈسىگە ئىگە سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

**2. تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنى پايدىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك**

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. جۇڭگونىڭ تەزكىرە كىتابلىرى دۇنيادا بىردىنبىر ۋە ئۆزگىچە، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر ئارتۇقچىلىقى. يېڭى تارىخىي دەۋردە بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى، ئۇ پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، تەزكىرە ئاپپاراتلىرى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە شارائىتىدا جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش. يولداش جياڭ زېمىن: «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش — ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇساپە جەريانىدا تەزكىرە خىزمىتى ھەرگىزمۇ قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى چوقۇم ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بولۇپمۇ رەھبىرىي يولداشلار تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ «ۋەزىپىسى»، «مەسئۇلىيىتى» ئىكەنلىكىنى چوقۇم تونۇپ يېتىشى، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئۇڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. جايلار ۋە تارماقلار مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشىنى چوقۇم ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. «بىرگە كىرگۈزۈش» دېگىنىمىز: تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» دېگىنىمىز رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېمەكتۇر. بۇ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چوقۇم تارىخىي، سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەزكىرە تۈزۈشنى دۆلەتكە، خەلققە ھەقىقىي مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش قاتارىدا ھەقىقىي چىڭ، ياخشى تۇتۇپ،

www.uyghurkitap.com



ئۈنۈم هاسىل قىلىشى لازىم. هۆكۈمەتنىڭ ئىشى ناهايىتى كۆپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تۇتۇشتا رويال چېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن، ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىغا، ئاپپارات ۋە خادىملارنىڭ مۇقىملىقىغا، تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1983 - يىلى باشلانغان 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق ناهايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا تەرەققىيات سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە روشەن ئارقىدا قالدى، ۋەزىپىنى تەلەپ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداشتا يەنە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر بۇنىڭغا 3يىلمۇ قالمىدى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەرەلىدە تاماملاشتا ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بۇ خىزمەتكە بولغان تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىشى لازىم. جايلار، تارماقلارمۇ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى نىشانلىق قوللىنىپ، خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، بۇ جەھەتتە دۆلەتكە يۈتلىكاشالىڭ بولۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مۇھىم خىزمەت. شۇڭلاشقا خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى چوقۇم ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇ خىزمەتنى كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ، تاشلاپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى پائال ياخشى پىلانلاش لازىم. مەركەز تەزكىرە ئىشلىرىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى ھەمدە 20 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قەدەم، باسقۇچلۇق، نىشانلىق ياخشى ئىشلىشى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا يولغا سېلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى دەسلەپتىلا بىر قەدەر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاپ، مەملىكەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. جايلارمۇ تەزكىرە خىزمىتىدە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپىنى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

### 3. تەزكىرە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم

تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، كەسىپتە خىل، ئىستىلدا قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان تەزكىرە قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاپپاراتنى مۇقىملاشتۇرۇش،

ساپانى ئۆستۈرۈش تەلىپى بويىچە، تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بىلىم ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى 1 - ئورۇنغا قويۇپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى خىزمەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ھەر قايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئېسىل، داڭلىق تەزكىرىلەرنى تۈزۈپ، ياخشى قوشۇن بەرپا قىلىش، ياخشى تەزكىرە چىقىرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭدا بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش. بۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، بولۇپمۇ خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈش قەستى ئۆزگەرمەيدۇ، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە يۆلەش قەستى ئۆزگەرمەيدۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ۋەتەننى پارچىلاش قەستىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. جىددىي ۋە مۇرەككەپ شارائىت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان مۇقىملىق ۋەزىيىتىدە بىز مېڭىمىزنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ، بالايىئاپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم. تارىخ - تەزكىرە خىزمىتى — ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم بازا، سىياسىي جەھەتتە، بولۇپمۇ مىللەت، دىن جەھەتلەردە ھەرگىز مەسىلە چىقماسلىقى كېرەك.

2002 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرى بالايىئاپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاپ، دائىم ھوشيار تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىش لازىم.

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە، كۆپچىلىك مەيلى قانداقلا كىتاب چىقارسۇن، سىياسىي سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا چوقۇم دىققەت قىلىش لازىم.

بۆلگۈنچى كۈچلەر دائىم ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يا بىرەر جۈملە سۆز، يا بىرەر كۇپلېت شېئىر بىلەن تارىخىي پاكىتلارنى، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت ئەزەلدىن شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ كەلگەن. يېقىنقى ئېيتقاندا، بىزنىڭ نەشر قىلغان تەزكىرە كىتابلىرىمىزدا سىياسىي سۈپەتكە چوقۇم ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەككى، بۇلار ئەمەلىيەتنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولسۇن، تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رايون دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھەر مىللەت ئورتاق ئاچقان، گۈللەندۈرگەن، قوغدىغان دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا شەرھىيلەش لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلايدىغان، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرخىل ئەكسىيەتچى سۆز ۋە خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا ئىگىلىگەن ھەرخىل ماتېرىياللار، توغرا تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يولداشلار، ئەل گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. بىز ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يول ئېچىپ ئالغا بېسىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

نۇرلان ئابدۇلمەجىن

(2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەزكىرە خىزمىتى مېنىڭ باشقۇرۇش دائىرەمگە كىرگۈزۈلدى. بۇ يىغىندا كۆپچىلىك بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ قېتىمقى تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىۋاتقان ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىۋاتقان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى شۇنىڭدەك بۇ يىغىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بابا رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە تەزكىرە خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كونكرېت ۋەزىپە، كۆرەش نىشانى ۋە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن قاتناشچىلىرى سۆزنىڭ روھىنى ئۆز رايونى ۋە ئورنىنىڭ رەھبەرلىرىگە تەپسىلىي دوكلات قىلىشى ھەمدە قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىشى كېرەك.

تۆۋەندە مەن تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى بىر نەچچە نۇقتىلىق پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك.**

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئۇ، 2000 يىلدىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى، سۇلالىلەر ئالماشسىمۇ تەزكىرە تۈزۈش توختاپ قالمىدى، ئۇرۇش قەھەتچىلىك، ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلىنىپ، بىر سۇلالىدىن يەنە بىر سۇلالىگە ئۆتۈپ، باشتىن - ئاخىر قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كەلدى. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇساق جايلار ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز. تەزكىرە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى جۇغلانغان ماتېرىيال كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى كىتابى، ئۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش — ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش». جياڭ

زېمىن يەنە «تەزكىرە خىزمىتى ئوڭايلىقچە دىققەت ـ ئېتىبار قوزغىمايدىغان مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى ھەم ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك» دەپ، تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى، بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئۆتكەن بىر يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەت ئەڭ كۆپ بولغان يىل بولدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى كەسپىي تەزكىرىدىن يەنە 6 توم نەشر قىلىندى، بۇنى قوشقاندا جەمئىي 51 توم نەشردىن چىقتى، بۇ، نەشر قىلىش پىلانلانغان 86 توم كەسپىي تەزكىرىنىڭ 59.3%نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 10 توم نەشر قىلىندى، بۇنى قوشقاندا جەمئىي 69 توم نەشردىن چىقتى، بۇ نەشر قىلىش پىلانلانغان 107 توم تەزكىرىنىڭ 64.5%نى ئىگىلەيدۇ؛ 3 تەزكىرە كىتابى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، بۇنى قوشقاندا جەمئىي 22 توم نەشردىن چىقتى؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2002 ـ يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» بىلەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى؛ بەزى رايون ۋە تارماقلار غەربنى كەڭ ئېچىشقا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆز رايونى ۋە تارمىقىنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم تارماق تەزكىرىسى، يىلنامە ۋە باشقا كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى، بۇ جەھەتتىكى نەتىجە ئىنتايىن ياخشى بولدى. بۇ نەتىجىلەر جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولدى ھەم جەمئىيەتتە خېلى ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتتە پائال رول ئوينىدى.

بىراق بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىدىن قانائەتلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مەركەزنىڭ تەلىپىگە ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە سېلىشتۇرساق، پەرق يەنىلا ئىنتايىن زور. ئىچكىرىدىكى كۆپلىگەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى، بىراق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش پىلانى ئاران 60% ئۆپچۆرىسىدىلا ئورۇندالدى. بۇ ئەھۋال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە قويىدىغان تەلىپىگىمۇ بەكلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ يولغا قويغان «ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى»دا بىزدىن 2005 ـ يىلى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ بولۇش ئېنىق تەلەپ قىلىندى. ھازىر 2005 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا 3 يىلمۇ قالمىدى، ۋاقىت ئىنتايىن قىس، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر، جايلار، تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زىچ ماسلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ تەزكىرە خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. تەزكىرە خادىملىرىمۇ خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ ماس نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ خىزمەتتە ئىمكانقەدەر تېزراق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى، 2005 ـ يىلى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**2. نادىر ئەسەر ئېڭىنى تىكلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.**

سۈپەت — تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىمۇ تەكىتلەش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش

www.uyghurkitap.com



سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. مۇشۇ نۆۋەت تۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىلەر پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىدىغان شۇنىڭدەك خادىم، خىراجەت ئاجرىتىلىپ، ئاپپارات قۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان ھۆكۈمەت كىتابى، بارلىق تەزكىرە خادىملىرى پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، نادىر ئەسەر ئېچىنى تىكلەپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىشى لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئۆتكەل، تارىخىي ماتېرىيال ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىدا مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، تەزكىرە تۈزۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا قىسمەن مەسىلىلەر ساقلانغان، بۇ يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. تەزكىرە خادىملىرى پۇختا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىگە، ئىلمىي خىزمەت ئۇسۇلىغا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇشى، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىشى لازىم. ئەمەلىيەت ماقالىلەرنى 3 تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇڭا ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، 3 تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك. 3 دەرىجىلىك تەزىرە كىتابلىرىدىن باشقا كەسپىي تەزكىرە، تارماق تەزكىرىسى ۋە تۈرلۈك يىلنامىلەرنىمۇ چوقۇم ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى باشقۇرۇشى، بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە، يىلنامە تۈزۈشنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا رەسمىي ھۆججەت قىلىپ تارقاتماقچى، جايلار، تارماقلار تەزكىرە خىزمىتىنى «چارە» دىكى تەلەپكە ئاساسەن ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى لازىم.

تارىختىن بۇيان تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئىچىدە نۇرغۇن داڭلىق، ياخشى تەزكىرىلەر بار، بۇ تەزكىرىلەر ئوخشىمىغان دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە — سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، داڭلىق، ياخشى تەزكىرىلەرنى كۆپلەپ نەشر قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**3. تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام، سىجىل راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.**

ئەمەلىيەت تەزكىرە خىزمىتى سۈرئىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزسە، بۇ خىزمەتكە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشىپ بەرسە، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقىي سىلىنما سالسا ۋە مەدەت بەرسە، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىمۇ تېز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، سۈرئەت ئاستا بولۇپ قالىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ تەكشىسىز، بەزى رايون ۋە ئورۇنلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى

تاماملاپ بولدى ھەمدە رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى؛ ئەمما بەزى رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتى ھازىرغىچە خىراجەت، زۆرۈرىي ئىش بېجىرىش ئۈسكۈنىلىرى، مۇقىم تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بولماسلىق سەۋەبىدىن تۇرغۇن ھالەتتە تۇرماقتا. بۇنداق ئەھۋالنى جەزمەن تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان مۇھىم ۋەزىپە. جايلار ۋە تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېزراق تاماملىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتى جايلار، ئورۇنلارنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماستىن، 1 - قول رەھبەرنىڭمۇ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، شۇڭا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملىمىسا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىغان بولىدۇ. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تەزكىرە خىزمىتىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر چوقۇم تەزكىرە خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى، يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈشى، رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، خىزمەتنى ھەقىقىي چىڭ، ياخشى تۇتۇپ نەتىجە يارىتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاساسىدا قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلاردىن تەركىب تاپقان مۇقىم، يۇقىرى ساپالىق تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام، سىجىل راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ھازىر بەزى رايون ۋە تارماقلار خىراجەت قىسلىقىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ، تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمەي، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بەزى ئورۇنلار يېزىپ بولغان تەزكىرە ئورگىنالىنى نەشر قىلىشقا پۇل بولمىغاچقا، ئىنتايىن زور بايلىق ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقتى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون مالىيىسى خىراجەت ئىنتايىن قىس بولغان ئەھۋالدا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى، بۇ مەبلەغ بىلەن چەت - ياقا، نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش، باستۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى كۆچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ياردەم بېرىلگەن ئورۇنلار تەزكىرىسىنىڭ ۋاقتىدا نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ يىل بىز ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يەنە بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجرىتىشىنى قولغا كەلتۈرىمىز، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ چەت - ياقا، نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. جايلار، تارماقلارمۇ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىمكانقەدەر بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ساغلام، سىجىل راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

خىراجەت قىسلىقى مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلە، خىراجىتىمىز كەڭتاشا دېيىدىغان ھېچقانداق ئورۇن يوق. لېكىن رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تەزكىرە خادىملىرى كۆپ يىل جاپالىق ئىشلەپ، تەزكىرە ئورگىنالىنى ناھايىتى جاپادا يېزىپ چىقتى، لېكىن رەھبەرلىك يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي، نەشر قىلدۇرۇشقا پۇل چىقارماي ئىسراپچىلىق بولدى. ئەمەلىيەتتە تەزكىرە

كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ. رەھبەرلىك بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرسىلا بىر نەچچە تۈمەن يۈەن پۇلنى چىقىرىشقا تامامەن بولىدۇ. بەزى رايون ۋە ئورۇنلار «ئوبراز قۇرۇلۇشى»، «سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى» قىلغاندا نەچچە ئون تۈمەن، نەچچە يۈز تۈمەننىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ، لېكىن تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇشقا ئون نەچچە تۈمەن خەجلەشكە كۆزى قىيمايدۇ. ئەمەلىيەتتە تەزكىرە خىزمىتىمۇ سىياسىي نەتىجىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان ئورۇنلاردا بۇ ئىش رەھبەرلىكنىڭ تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەزكىرە خادىملىرى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولغاچقا، ئىجتىمائىي پائالىيەتكە ئانچە ماھىر ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن، تەزكىرە خادىملىرى رەھبەرلىككە كۆپرەك دوكلات قىلىپ، قىيىنچىلىق بولسا رەھبەرلىكنى كۆپرەك ئىزدەپ، ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون مالىيىسى 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش جەھەتتىكى خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇ يىل يەنە نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش جەھەتتىكى خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى كاماندۇرۇپكىغا بىرەر قېتىم كەم چىقسا، بىرەر ئاپتوموبىلنى كەم سېتىۋالسا، چەتئەلگە بىرەر قېتىم كەم چىقسا، تېجەلگەن پۇل تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىش خىراجىتىگە يېتىدۇ.

تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىراجىتى مەسىلىسى بىر ئەمەلىي مەسىلە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىشى كېرەك، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارغا تېلېفون قىلىمەن، ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشى، ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىز بىرلىكتە تىرىشىپ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى.

**4. تەزكىرە خىزمىتى ساھەسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.**

پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىزدىن تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى يېڭى تەپەككۇر، يېڭى خىزمەت ئۇسۇلى ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا نەچچە يۈز توم تەزكىرە كىتابى ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتاب نەشر قىلىندى. تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللاردىن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا پايدىلىنىپ، رېئاللىق ئۈچۈن، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. تەزكىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش» رولىنى ھەقىقىي جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تەزكىرە ھەم ئىلمىيلىكى كۈچلۈك ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر، ھەم ۋەتەننى، يۇرتنى سۆيۈشكە دائىر يەرلىك دەرسلىك؛ ئۇ ھەم بىر جاينىڭ تەبىئىتى ئىجتىمائىيىتى، تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى مۇجەسسەملەنگەن كىتاب، ھەم ئەلنى ئىدارە قىلىشقا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان كىتاب. بىز تەزكىرىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش

خىزمىتىنى توغرا يېتەكلىشىمىز لازىم. تەزكىرە خادىملىرى يالغۇز مۇھەررىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەزكىرىنى ئوقۇش جەھەتتە يېتەكچى، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە تەشۋىقاتچى بولۇشى لازىم. خىزمەت پىكىر يولىنى كېڭەيتىپ، تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى كۇتۇپخانىدىن چىقىرىپ، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش لازىم. بەزى جايلار ۋە ئورۇنلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، كۈتۈپ تۇرماي، تايىنىۋالماي، تاما قىلماي، ئۆز قولىدىكى جايلار ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر تۈركۈم كىتابلارنى يېزىپ چىقتى؛ بەزى جايلار ۋە ئورۇنلار يىلمۇ يىل يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە تۈزۈپ چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى پىكىر يولى، يېڭى ئۇسۇلغا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئۆرنەك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە. جايلار، تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ساھە ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە خىزمىتى تارماقلىرى تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ يولغا قويۇشى، بۇ خىزمەتنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىم.

يولداشلار، تەزكىرە خادىملىرى پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋە جاپالىق تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، يۈك ناھايىتى ئېغىر، كۆپچىلىكنىڭ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى داۋاملىق ساقلاپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن ئۆز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۆزۈم تۈگىدى، كۆپچىلىككە رەھمەت!

www.uyghurkitap.com

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلايلى

— ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې

رەھبەرلەر، يولداشلار:

بۈگۈن بىز بۇيەردە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىۋاتىمىز، بۇ 2002 - يىل 4 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە ساھەسىدىكى يەنە بىر كاتتا ئىش. بۇ يەردە مەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپ يىللاردىن بۇيان تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مەدەت بەرگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، ھاردىم - تالدىم دېمەي، خالىس تۆھپە قوشۇۋاتقان ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلاردىن ھال سورايمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پائال ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 1- نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئورۇنداپ بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە مەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بىرنەچچە نۇقتىلىق پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىگە قىسقىچە نەزەر

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

تەزكىرە تۈزۈش قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، 21 توم تەزكىرە ۋە يىلنامە نەشردىن چىقىرىلدى. 2002- يىلى نەشردىن چىقىرىلغان 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابى ئاساسلىقى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى كەسپىي تەزكىرە 6 توم، ئۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئورمانچىلىق تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يەر تەۋرەش تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . تەنتەربىيە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى . سىياسىي كېڭەش قىسمى»، بۇلارغا ئىلگىرى نەشر قىلىنغان تەزكىرىلەرنى قوشقاندا، 2002- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئومۇمىي تەزكىرىدىن 51 توم نەشردىن چىقتى، بۇ پىلاننىڭ %3. 59 نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 10 توم نەشردىن چىقتى، ئۇلار: «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى»، «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى»، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، «بۇرچىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى»، بۇلارغا ئىلگىرى نەشر قىلىنغان تەزكىرىلەرنى قوشقاندا، جەمئىي 69 توم بولۇپ، بۇ پىلاننىڭ %4 . 64نى ئىگىلەيدۇ. 3 تەزكىرە كىتابى ئازسانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىندى، بۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى قەرەلىدە نەشردىن چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى تەھرىرلىنىپ 4 ساندىن نەشر قىلىندى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەسلىدە تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولغان رايون ۋە ئورۇنلار بۇلتۇر ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. خوتەن ۋىلايىتى «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى نەشردىن چىقىرىپ، بىرمۇ تەزكىرە نەشردىن چىقمىغان ئەھۋالغا خاتىمە بەردى. تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ناھىيە - شەھەرلەرمۇ خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەمما تېخى تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقمىغان نازارەت - ئىدارىلەر، مەسىلەن: ش ئۇ ئا ر رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەزكىرە تۈزۈشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى ياكى ئىش بېجىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

تەزكىرە خىزمىتى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 2002 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايون مالىيىسى نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ياردەم بېرىشكە 500 مىڭ يۈەن خىراجەت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. بۇ يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، تەزكىرە خىزمىتىنى ناھايىتى تېزلا مۇئاۋىن رەئىس نۇرلان ئابدۇلمەجىننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە

كىرگۈزدى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس نۇرلان ئابدۇلمەجىن مەخسۇس بىزنىڭ خىزمەت دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئېنىق يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، بىز ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋاقتىدا تەڭشىدۇق، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تەدبىرلەر چوقۇم ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا يەنىمۇ ئىلھام بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

بىز تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، سۈپەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتتۇق. تەزكىرە كىتابلىرىدا سىياسەت، ماتېرىيال، تۈزۈلۈش، يېزىق، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا دائىر ئۆتكەللەرنى چىڭ ئىگىلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. 2002 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . تىل ـ يېزىق تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، يەنە بىر مۇنچە كەسپىي تەزكىرە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ياكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 2. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىشى ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق كۆرۈش، تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تىرىشىپ تېزلىتىپ، تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنۇلار: بىرىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلىدۇ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 ـ يىلى ئورۇنداش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە دەرھال تۇتۇش قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، تەپەككۇرنى ئۆزگەرتىپ، نۇقتىئىينەزەرنى يېڭىلاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، 16 ـ قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان، غەربنى كەڭ ئېچىشتەك ياخشى پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، 16 ـ قۇرۇلتاينىڭ شەرق شامىلى ۋە غەربنى كەڭ ئېچىشتەك ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىلىپ، تەزكىرە خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، تەزكىرە تۈزۈش

خىزمىتى شىنجاڭنىڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشى ئۈچۈن، غەربنى كەڭ ئېچىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا بىز تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

1) خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش تەلىپى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى 2005 ـ يىلى ئاساسەن تاماملاش كېرەك. ھازىر بۇ تەلەپنىڭ ئاخىرقى چېكىگە پەقەت 3 يىلچە ۋاقىت قالدى. لېكىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن تېخى 51 توم نەشردىن چىقىپ، پىلاننىڭ %3 . 59 ى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسىدىن تېخى 69 توم نەشردىن چىقىپ، پىلاننىڭ %4 . 64ى ئورۇندالدى، ئازسانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابى ئاران 22 توم بولۇپ، پەرق تېخىمۇ زور.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر، ئەگەر خىزمەت تەبىئىي ئۇسۇل بويىچە ماڭسا، ئىش چەكسىز ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە، ئىلمىي خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ھازىردىن باشلاپ 2005 ـ يىلنى ئاخىرقى چەك قىلىپ، ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەزكىرە كىتابى تېخى نەشردىن چىقمىغان رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قارار قىلدى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ماتېرىيالى بىلەن بىللە ئالاقىدار رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇش ۋاقتىغا دائىر جەدۋەل تارقىتىپ، ئۇلاردىن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇش ۋاقتىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ جەدۋەلنى تولدۇرۇپ يىغىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ جەدۋەلدە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى دەسلەپكى ئورىگىنالنى پۈتتۈرۈش ۋاقتى، باھالاشنى تاماملاش ۋاقتى، تۈزىتىپ تەكشۈرۈشكە يوللاش ۋاقتى ۋە نەشردىن چىقىرىش ۋاقتى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى، ھەربىر تۈرنىڭ ۋاقتىنى ئايلارغىچە كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك. مەيلى ئارقىغا قانچىلىك سۈرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرقى چەك 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بولىدۇ. بۇ جەدۋەل بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشىمىزنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسى رايون ۋە تارماق رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تارىخ ـ تەزكىرە تارماقلىرى نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتىشى، شۇ دەرىجىلىك تەزكىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ۋەزىپىنى قەرەلىدە ئورۇندىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىز 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان رايون ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە خىزمەت كۈنتەرتىپىگە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت پىلانىغا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، تەزكىرە تۈزۈشنى شۇ رايون ۋە شۇ ساھەدىكى قىلىسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش دەپ قارىماي، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈشتىن ئىبارەت چېتىلىش دائىرىسى كەڭ،

www.uyghurkitap.com



ئۇنىمى ئۆز ۋاقتىدا داۋاملاشتۇرۇلغان بۇ خىزمەتنى دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق، تۆھپىسى تارىختا يېزىلىدىغان، شۇ جايىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى زور ئىش سۈپىتىدە تونۇشنى، چىڭ ۋە ياخشى تونۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. تەزكىرە تۈزۈش بىرنەچچە كىتاب يېزىش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ تارىخ ئالدىدا، بۈگۈن ئالدىدا، كەلگۈسى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان تارىخىي بۇرچتىن ئىبارەت، بۇ خىزمەتنى ئىشلىيەلمىسەك، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىساق، تارىختا، بۈگۈنكىلەرگە، ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاش كېرەك. تەپەككۇر ئۆزگەرسە، تونۇش ئۆسسە خىزمىتىمىز زور نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇن ۋە رايونلار مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقىي تېزلىتىشى كېرەك. ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەنگەن ياكى ئىشلەنمىگەنلىكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى نەقلەشتۈرۈش» يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، رەھبەرلىكىنى، ئاپپاراتىنى، خىراجەتىنى، قوشۇنىنى، شارائىتىنى نەقلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. تەزكىرە تۈزۈشكە كادىر قويمىغان ئورۇنلار مۇئەييەن خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە، تەزكىرە خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان يولداشلارنى ئىمكانقەدەر تېزراق تاللاپ تەزكىرە خىزمىتىنى ئىشلەشكە سەپلەپ، تەزكىرە خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بىرەر رايون ۋە تارماقنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئارقىغا سۆرىشىگە بولمايدۇ. بۇ رايون ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە خادىملىرىمۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پاسسىپ كەيپىيات ۋە كۈتۈپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن ياخشى ئىشلىشى، ئۆز خىزمەت نەتىجىسى ئارقىلىق رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ پايدىلىق خىزمەت شارائىتى يارىتىشى كېرەك.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداش ئۈچۈن، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، رايونلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا مەخسۇس دوكلات يوللاپ تۇرىدۇ.

2) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەۋقەنى ئېنىق ئەسەر، نادىر، داڭلىق تەزكىرە چىقىرىشقا قويۇش كېرەك. تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى — تەزكىرىنىڭ جېنى، ئۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك. تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بىز تەكىتلەۋاتقان سۈرئەتنى تېزلىتىش سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدىكى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. يولداشلار شۇنى ئېنىق چۈشىنىشى كېرەككى، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئادەتتىكى تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى تارىخ ۋە كەلگۈسى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش دېمەكتۇر، ئۇ تارىخنىڭ تەكشۈرۈشىدىن، كېيىنكىلەرنىڭ باھاسىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا سۈپەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

سۈپەت مەسىلىسى جەھەتتە بىز تەزكىرە كىتابلىرىدا سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق مەسىلە چىقماسلىقنى

ئالاھىدە تەكىتلەيمىز. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، تەزكىرە خىزمىتىگە توغرا سىياسىي نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچى قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى» ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلىشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، ئۇ ماركسىزمنى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىدا بىرىنچى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ باش فاڭجېنى ۋە كۈرەش نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرە خادىملىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ جېنى ۋە مېغىزىنى چىڭ ئىگىلەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەتنى باشتىن ئاخىر ساقلىشى كېرەك.

شىنجاڭدا، ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە ئالدى بىلەن ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، يۈكسەك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، جايلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىجتىمائىيىتىنىڭ تارىخىنى، ھازىرقى ھالىتىنى ئىلمىي بايان قىلىشى كېرەك. تەزكىرىچىلىك — ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان مۇھىم خىزمەت، كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ دەۋرىمىز تەشەببۇس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. تەزكىرە خادىملىرى زور مىقداردىكى كونكرېت، مول، تەپسىلىي ۋە چىن، جانلىق ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، مىللەتلەر ۋە دىن مەسىلىسىنى توغرا تەھلىل قىلىشى، تونۇشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ چېگرا رايوننى بىرلىكتە ئاچقانلىقى، گۈللەندۈرگەنلىكى ۋە قوغدىغانلىقىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاشقا ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، تارىختا ۋە رېئال تۇرمۇشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت- بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «قەلبداش، ھەممەنپەس، تەقدىرداش» بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە گۈللىنىپ ئالغا باسقانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەزكىرىگە كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا يېقىن بولۇش، ئاما ئارىسىدىكى ئىشلار، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاما خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ئاممىغا تونۇشلۇق بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يالقۇنلۇق يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ھەرخىل ئىلغار نەمۇنىچىلار ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنى مەدھىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تەزكىرە كىتابىنىڭ «خەلقنى تەربىيىلەش» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى،

ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(2) شەخسىنىڭ ئىلمىي كۆزقارىشى بىلەن «ھۆكۈمەت كىتابى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

تەزكىرە كىتابى — ھۆكۈمەت كىتابى. ئۇنىڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر خاتىرىلىنىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. كونكرېت ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ۋە زور تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا «پارتىيە ئىچىدىكى بەزى تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» بويىچە بايان قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، «قارار»دا كۆرسىتىلمىگەنلەرنى ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈپ بېكىتىپ رەسمىي نەشردىن چىقارغان كىتابلاردىكى بويىچە بايان قىلىش كېرەك. مەسىلەن: تارىخىي مەسىلە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق نەشرىي ئەسەرلەردىكى كۆز قاراش بويىچە بايان قىلىنسا بولىدۇ. تارىخقا شەخسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە كۆزقارىشى بويىچە خالىغانچە باھا بېرىشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ مۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئوخشاشمىغان پىكىرنى بايان قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئىلىم مەسىلىسىدە «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» تەشەببۇس قىلىنىدۇ. سەن ماقالە يېزىپ ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي كۆز قارىشىڭنى ئېلان قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما ئۇنى تەزكىرە كىتابىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. يولداشلىرىمىز شۇنى چوقۇم ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، تەزكىرە كىتابى شەخسىنىڭ ئەسىرى ئەمەس، ئۇنى تارىختىن بۇيان سىياسىي گورۇھلار تەشكىللەپ تۈزۈپ كەلگەن، ئۇ «سىياسىي كىتاب»، «ھۆكۈمەت كىتابى» بولۇپ، كۈچلۈك سىياسىيلىككە ئىگە. ئەگەر تەزكىرە كىتابىدا سىياسىي جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» رولىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. يولداشلار بۇ نۇقتىنى چوقۇم توغرا ئىگىلىشى لازىم.

(3) ئېنىق سۈپەت ئۆلچىمى تۇرغۇزۇپ، ئىشنى ئىنچىكە قىلىپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئومۇميۈزلۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ھايات كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ ... تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا سۈپەت بىرىنچى دېگەن قاراشنى ئېنىق تۇرغۇزۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ئىچكى سۈپىتى، ئۇ ماتېرىيال توغرا، مەزمۇن چىن، نۇقتىئىنەزىرى توغرا، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك، تۈزۈلۈشى پۇختا، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، قاتلاملىرى ئېنىق، تىلى قېلىپلاشقان، يېزىقى راۋان، سۈرەت، جەدۋەللەرنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق بولۇشتەك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، تاشقى سۈپىتى، ئۇ كىتابنىڭ فورماتى، شىرازىلىنىشى، بېسىلىشى ۋە تۈپلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى ئىچكى سۈپىتى بولسۇن ياكى تاشقى سۈپىتى بولسۇن، ھەممىسى كىتاب سۈپىتىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى بولۇپ، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. بىز ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش جەريانىدا ئومۇمىي لايىھىسى ۋە ماتېرىيال توپلاشتىن تارتىپ مەزمۇننى يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىشقىچە دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇش، ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، قىممىتى بار، ئېسىل كىتاب بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3) تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ساھەسىنى پائال كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

16 - قۇرۇلتاي روھى — دەۋرنىڭ چاقىرىقى، تارىخنىڭ كۈچلۈك ساداسى، پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە قوزغىتىدىغان جەڭ سىگنالى. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا

قويۇلغان ئۇلۇغۋار پىلان كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ، بېكىتىلگەن كۆرەش نىشانى جەھەتتە ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا نۇرغۇن يېڭى قىيىن مەسىلىلەرنى ئەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا، نۇرغۇن يېڭى ساھەلەردە جاپالىق ئىزدىنىشكە، نۇرغۇن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ئەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەرقانداق تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە تەدبىرى دۆلەت ئەھۋالى، رايون ئەھۋالى ۋە ناھىيە ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. جايلار ئەھۋالىنى ئەتقىق قىلىدىغان تەزكىرە خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. تەزكىرە خادىملىرى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىدىكى ماتېرىيال ئەۋزەللىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جايلار ئەھۋالى ئەۋزەللىكىگە، مۇلازىمەت ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشى، تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، غەربنى كەڭ ئېچىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

يېقىندا يېپىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا كونكرېت كۆرەش نىشانىمىز ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ نىشان GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ھەر يىلى 90%تىن يۇقىرى ھالەتتە ساقلاش، 2020 - يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. زور تەرەققىيات مۇقەررەركى، تەبىئەت، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىيەت، گۇمانىتارلىق، مىللەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارغا تولىمۇ مۇھتاج بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ جايلار ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇرلارغا بولغان ئېھتىياجى مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى دەرىجىگە قەدەم قويىدۇ، مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى تۇتۇپ، مۇشۇنداق چوڭ سەھنىدە تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ رېئال خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى نامايان قىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش» جەھەتتە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش — بىز تەزكىرە خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش. تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، زامانىمىز كىشىلىرى، ئەۋلادلار تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، ئاندىن تەزكىرە كىتابىنىڭ قىممىتى گەۋدىلىنىدۇ، ئاندىن تەزكىرە كىتابىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش» فۇنكسىيىسى تولۇق نامايەن بولىدۇ. تەزكىرە خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يالغۇز تەزكىرە كىتابىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە، بىز تەزكىرە خىزمىتىنى ۋە تەزكىرە كىتابىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، دادىل ئىزدىنىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرىنى پائال ئېچىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرى ئىگەللىگەن زېمىن - بايلىق، گىدرولوگىيە بايلىقى، كىلىمات بايلىقى، قېزىلما بايلىق، ھايۋانات بايلىقى، ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى، نوپۇس بايلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئائىت زور مىقداردىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، جايلارنىڭ تاغ - دەريالىرى، يەر قىياپىتى، تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى، يەر مۈلۈك بايلىقى، مەبلەغ سېلىش شارائىتى تونۇشتۇرۇلغان قوللانمىلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيال ۋە رېئال ماتېرىياللارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىگىلەپ، تېخىمۇ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈك بولۇش، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، مۇھىتنى تۈزەش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن خىزمەت

www.uyghurkitap.com



قىلدۇرۇش كېرەك. رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ماس نۇقتىسى ۋە ئاچقۇچىنى دەل تاپقاندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرغىلى، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگىلى، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، جەمئىيەتنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

جايلار ئىش بېجىرىشنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئاپتوماتلاشتۇرۇپ، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاشتا زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، مۇلازىمەت قاتلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۇچۇرنىڭ ئېقىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقارغاندا ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرۇشنى ۋە لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا ئىشلەشنى ئويلىشىپ كۆرسە، تەزكىرىچىلىكتە رەقەملەشتۈرۈش ۋە تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرسا بولىدۇ.

4) يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تورلۇك تەييارلىق ئىشلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا باشلاش كېرەك.

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى پرىنسىپ جەھەتتە 20 يىل ئەتراپىدا بىر قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى %60 رايون ۋە ئورۇن 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولدى. بۇ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاخىرقى چېكى 1985- يىل بولۇپ، ئۇلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىسا تامامەن بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، مەسىلەن: ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، نېفىت خىمىيە كەسپىي باشقۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» 1 مىليون 800 نەچچە مىڭ خەتلىك بولۇپ، رەسمىي نەشردىن چىقتى. بىز مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغان ئورۇن ۋە رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى، پىلان ۋە مۇندەرىجە تۈزۈپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاشنى باشلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان ‹شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى›نى تۈزۈش لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن تۈزىتىش پىكرى ئالدى، يېقىندا يەنە ئالاقىدار تەرەپلەردىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، ئورگىنالنى بېكىتمەكچى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلاپ يولغا قويۇشىغا يوللىماقچى. مۇشۇ يىغىندىن كېيىن جايلار، ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا باشلىشى كېرەك.

5) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك.

شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم رايون، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزۈلگەن 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئورگىنالىنى خەنزۇچە بېكىتىشنى، خەنزۇچىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشنى

بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنداشنى بەلگىلىگەنىدى. بىراق ھازىر بىز ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابىدىن ئاران 22 تومنى نەشردىن چىقاردۇق، نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسىنى چىقىرىپ بولغىلى بىر نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى يەنىلا كۈنتەرتىپكە قويمىدى. جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چوقۇم مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، دەرھال تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىشقا تۇتۇش قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى ياخشى نەشر قىلىشنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشى، بۇ خىزمەتنى سىياسىي ئەھمىيەت بېرىش يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇپ، ھەقىقىي چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشى لازىم.

6) تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلىق، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلىق. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ساپاسى قانداق بولسا، ئۇلار تۈزگەن تەزكىرە كىتابىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھازىرقى مەزگىل دەل يېڭى بىر باسقۇچلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە كونا - يېڭى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئالمىشىشى كۆپ بولۇۋاتقان مەزگىل، بىز ياش كەسپىي تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى تولۇقلىشىمىز لازىم. بۇ بىر قانچە يىلدا تەزكىرىچىلىك قوشۇنىغا خېلى كۆپ يېڭى يولداشلار قوشۇلدى، ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېڭى كۈچلىرى، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى شۇلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مۇھتاج. بىز سىياسىيلىكى كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، رازىمەنلىك بىلەن تۆھپە قوشىدىغان، پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار بىرلەشكەن تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئۇلارنى زۆرۈر بولغان كەسپىي بىلىم جەھەتتە تەربىيىلىشىمىز، ئۇلارغا ئۆگىنىش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. تەزكىرە خادىملىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيىسى ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، بۇ جەھەتتە ئومۇمىي پىلان ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى پىلانلىدى، ئۆتكەن يىلى بىر قارار كۇرس ئاچقاندۇق، بۇ يىل 9- ئايدا يەنە بىر قارار كۇرس ئاچماقچى. بىز قوشۇن قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىدا چىڭ ۋە ياخشى تۇتىمىز.

7) تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم.

تەزكىرە تۈزۈش — بىر قەدەر كۈچلۈك ئىلمىي ۋە كەسپىي خاراكتېرلىك خىزمەت، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋە يىلنامە تۈزۈش داۋامىدىكى مۇۋەپپەقىيەت، مەغلۇبىيەت ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش جەريانىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، تەزكىرە نەزەرىيىسى ۋە يىلنامە نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش تەزكىرە ئەمەلىيىتىمىزدە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىدە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، نۆۋەتتە تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى بىلەن تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. رايونلار ۋە نازارەت، ئىدارىلار تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كەسپىي تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدىكى بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە خىزمەت ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ ياخشى تۇتۇشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بۇ يىل 9 - ئايدا بىر قېتىم تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى پىلانلىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل ماقالە يېزىپ، پائال قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

8) يىلنامە تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىلنامە خىزمىتى — تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. نۆۋەتتە، بىر قىسىم رايون ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يىلنامە تۈزۈش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بەزىلىرى بىر قانچە يىلنامىنى تۈزۈپ نەشردىن چىقىرىپ، رەھبەرلەر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى يىلنامە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، شارائىتى بار رايون ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يىلنامە تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ، لېكىن ھاپىلا - شاپىلا ئىش كۆرمەي، يىلنامىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شارائىتى يوق جايلار ماتېرىيال توپلاپ رەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىگە ئوبدان ماتېرىيال ئاساسى ھازىرلىشى لازىم.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» — ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزىدىغان ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال، چوڭ ھەجىملىك ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب. يىلنامە نەشر قىلىنغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنى كۆپلىگەن توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي گۈللىنىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوشۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇردى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ يىلنامىسى» پائال يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يىلنامە چىقىرىش پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يىلنامىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبنى تەدرىجىي بارلىققا كەلتۈردى. لېكىن، «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، ئاساسلىقى ئۇچۇر مىقدارى كۆپ ئەمەس، تارقىتىلىش مىقدارى ئاز. «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى ياخشى چىقىرىش — ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىز تەزكىرە سىستېمىسىغا تاپشۇرغان بىر خىزمەت ۋەزىپىسى، جايلار، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلاردىكى تەزكىرە خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ يىلنامىنى ماقالە بىلەن تەمىنلەش، ئېلان تەشكىللەش، تارقىتىش خىزمىتىنى پائال ئىشلەش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. بۇ، ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە يۈك ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۆز دائىرىمىزدىكى خىزمەت، مەجبۇرىيەت دائىرىمىزدىكى ئىش. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئامالنىڭ بارىچە يىلنامىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

يولداشلار، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ياخشى روھىي ھالەت ۋە ئەلا خىزمەت نەتىجىلىرىمىز بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشايلى.

# تۇمشۇقتىكى سوقۇش

مۇھەممەتئىمىن قۇربانى

1933 ـ يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ دېۋىزىيە قوماندانى جىن شۇجېي دورا يەپ ئۆلۈۋالدى. گەنسۇ تۇڭشۇيلۇك باش سەنمۇ لۇ دىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىنىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقان «ئىسيانچىلار»نىڭ ئالدىنى توسۇش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللىدى. لى دۇگرۇڭ بۇ قوشۇننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولدى، ئاتلىق ۋە توپچى قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىگە يېتىپ باردى.

تۇمشۇق مارالبېشىنىڭ ئىككى ئۆتەڭ نېرىسىغا جايلاشقان جاي بولۇپ، ئەتراپى تاغلىق، سوقۇش قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. ئاقسۇدىن كېلىۋاتقانلارمۇ بۇ جايغا يېقىنلىشىپ قالغاچقا، لى دۇگرۇڭ قوشۇنلىرىنى تۇمشۇق تاغلىرىنى دالدا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن قوماندان لۇ دىڭ تۇمشۇقتىن بىر ئۆتەڭ بېرى بولغان چارباغدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى.

لۇ دىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھىرىدىكى سوقۇشتا خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن ياڭ تۇەنجاڭنى ئەسكىرىي خىزمەتتىن بوشىتىپ، ئۇنى ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا، قوشۇمچە مارالبېشىنىڭ ھاكىملىقىغا قويدى.

ئاقسۇدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، خۇيزۇ قوشۇنلىرىمۇ تاغنى دالدا قىلىپ شەرق تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇرلارغا توقسۇنلۇق ئەمەت ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى تۆمۈر ئېلى، خۇيزۇلارغا قاراشەھەردىن يېڭىدىن بېرىلگەن قوماندان ماجەنساڭ باشچىلىق قىلاتتى.

قورال جەھەتتە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل، ئوقلىرى كۆپ ئىدى. پىدائىيلارنىڭ قوراللىرى ناچار، ئوقلىرى يېتەرسىز ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ خۇيزۇلارنىڭ-كىگە قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. تۇەنجاڭ تۆمۈر ئېلى ناچار قورال بىلەن قوراللانغان پىدائىيلىرىنى ۋە كالتەك بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن ئادەمنى باشلاپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇرۇش بىر ئايغا سوزۇلدى. پىدائىيلار ھەرقانچە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ياخشى قورال مۇھىم ئامىل بولغاچقا، قارشى تەرەپ ھامان ئۈستۈن بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىن ئۈزلۈكسىز يېتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەر ۋە قورال - ياراغ ھۆكۈمەت



www.uyghurkitap.com



قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. خۇيزۇلاردا قورال خىل، ئوق كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ئارقا سەپتە تۇرۇۋېلىپ، ئوقلىرىنى ياكى ئاتماي، ياكى ئۇيغۇرلارغا بەرمەي، پاسسىپ بولۇۋالغاچقا، تۆمۈر ئېلى تەمتىرەپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كورلىلىق تۆەنجاڭ كۆكرەك كېرىپ چىقتى-دە يارامىلىق ئادەملىرىن يەتتىنى تاللاپ، تاغ ئارقىسىدىكى يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار تاغنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل جايلىرى بىلەن تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چارباغ كەنتىگە كەلدى-دە، لۈ دىڭنىڭ باش شتابىنى تاپتى. بۇ چاغ 3 - ئاي مەزگىلى بولغاچقا، ھاۋا ئىنتايىن بورانلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت تەرەپ توختىماي ياردەم قىلىپ تۇرغاچقا، لۈ دىڭ بىخارامان ئەپيۇن چېكىش بىلەن بەنت ئىدى. بۇ كۈنى لۈ دىڭ ئەپيۇننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شېرىن ئۇيقۇغا چۆشكەن، مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ چۆشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئېلى ھاجى بۇ پەيتتىن پايدىلاندى. ئۇلار مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، لۈ دىڭنى كارۋىتىنىڭ ئۈستىدىلا جايلىدى ۋە بىرقانچە تال ياخشى قورالنى ئولجا ئېلىشىپ جىمغىنا چىقىپ كەتتى.

چارباغدىكى بۇ دەھشەتلىك خەۋەر ئالدىنقى سەپنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا گويا يەر - جاھان تەۋرەنگەندەك سېزىلدى بولغاي، ئۇلارنى ۋەھىمە - تەشۋىش قاپلىۋالدى. بۇ خەۋەر قەشقەرنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. لۈ دىڭنىڭ مۇنداق بىپەرۋالىقى ھەممىنى غەزەپلەندۈردى. لۈ دىڭنىڭ ئورنىغا سەنمۇلاردىن سى چۇخەن قوماندان بولۇپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. سى چۇخەن ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قوشۇندىكىلەرنىڭ چۆشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. سى چۇخەننىڭ ئىلھامى لى دۇڭرۇڭنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ «سا. . .» دەپ ۋاقىرىغىنىچە باستۇرۇپ باردى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ كەتتى. تۆمۈر ئېلىنىڭ جاسارىتى باشقىلارنىڭ جانپىدالىقىغا تۈرتكە بولدى. ئاقىۋەت ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى چىداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنى چېكىنىش يولىدا كۈتۈۋاتقان بۆكتۈرمىچىلەر تېخىمۇ ھالسىزلاندۇردى. تۆمۈر ئېلى بۇ ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تۆەنجاڭلىقتىن لۈيجاڭلىققا كۆتۈرۈلدى.

قوشۇندىكى بۇ خىل چىدامسىزلىقنى كۆرگەن قوماندان لى دۇڭرۇڭ ئەسەبىيلەشتى-دە، ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، «خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن» دېگەن ئاتاقنى ئېلىشنى نومۇس بىلىپ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى.

مانا بۇ چېكىنىش ۋە مەغلۇبىيەت تۇمشۇق ئۇرۇشىغا خاتىمە بەردى. سى زىخۇي قالدى قاتتى ئەسكەرلىرىنى توپلاپ چارباغدا پىدائىيلارنىڭ ئالدىنى توستى، لېكىن روھى چۈشكەن بو قوشۇن چىداشلىق بېرەلمەي، مارالبېشىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە مارالبېشىلىق تۇردى ھاجى دېگەن كىشى ئادەم توپلاپ مارالبېشى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، سى زىخۇي مارالبېشىدا ئۇزۇن تۇرالماي قەشقەرگە قاراپ چېكىندى. ئۇ ئۆزى بۇ شەرمەندىلىك بىلەن

قەشقەرگە قايتىشتىن ئۇيالغان چېغى، ئاساسىي قوشۇنىنى چوڭ يول بىلەن قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۆزى توپچى قىسمىنى ئېلىپ سېرىقبۇيا تەرەپ بىلەن يەكەنگە بېرىپ، يەكەن يېڭى شەھىرىگە قامىلىپ قالغان سوڭ تۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ قارشى تەرەپنى يوقاتماقچى، قەشقەرگە كېلىپ مۇداپىئە قورغانى قۇرماقچى بولدى.

ئۇ مارالبېشىدىن چىقىپ شامال دېگەن يەردە قوندى. ئەتراپتىكى خەلقنىڭ قويلىرىنى تۇتتۇرۇپ، ئاشپەزلىرىنى تاماققا بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر چېدىر قۇرۇپ ئارام ئېلىشتى. سى زىخۇينى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى. پەقەت ئارام ئالالماي، ئېتىنى توقۇتۇپ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تەرجىمانىنى ئېلىپ ئەتراپنى چارلاشقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپنى چارلاۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە قۇلىقىغا غەيرى ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. زىخۇي تەرجىمانغا تىكىلدى. تەرجىمان بىرئاز قۇلاق سالغاندىن كېيىن، «زىخۇي جاناپلىرى، بۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاۋازى، نۇرغۇن ئادەم بىر يەرگە توپلانغاندەك تۇرىدۇ. ھەممىسى توس! توس! توس! دەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا دۈشمەن ئالدىمىزدىن توسۇپ چىققان ئوخشايدۇ» دېدى. زىخۇينىڭ كەيپى ئۇچتى. تېزدىن قايتىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھېچنەرسىگە قارىماستىن يان يول بىلەن سېرىقبۇيا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئەسلىدە بۇ ئاۋاز توغراقلىق ئارىسىغا جۇغلاشقان بىر توپ بەڭگىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇلار گۈلخان يېقىپ نېشە چەككەچ دوست تارتىشىۋاتقانىدى. ئۇلار توۋلىغان بۇ «دوست» زىخۇيغا «توس» دەپ ئاڭلانغانىدى.

روھى چۈشكەن سى چۈخەن ئالدىراپ - سالدىراپ ئاقساقمارالدىن ئۆتۈپ، زەي دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ توپلىرى پاتقاققا پېتىپ قالدى، ئاتلار ئېغىر توپنى سۆرىيەلمىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا توپلىرىنى تارتىپ چىقىرىشقان بولسىمۇ، مەكىت تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلاردىن مەكىتتىمۇ قوزغىلاڭ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مېڭىشتىن توختىدى. سى چۈخەننىڭ بېشى قاتتى. ئىككى ئارىدا سولىنىپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم بولدى. ئىلاجىسىزلىقتىن ئەسكەرلىرىنى مۇۋاپىق بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى قوغداشقا كىرىشتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ھەپتىلەر كەچتى. ياز كۈنلىرىدە پاشىنىڭ تولىلىقىدىن بىر سائەتمۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بۇ جاڭگالدا ئاچ-توق كۈن ئۆتكۈزگەن سى زىخۇي ئاخىرى بۇ روھىي قاماقتىن قۇتۇلۇش كۈنىگىمۇ ئۇلاشتى. قەشقەردىكى دوتەي ماشاۋۋۇنىڭ مارالبېشىدىكى خۇيزۇلار بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەكىلى ئابدۇللاخان ئىككى ئارىدا تىل بىرىكتۈردى. ماجەنساڭ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ جايدىكى قىسمىنى تۈڭگانچە كىيىندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىلىپ ئوغرىلىقچە قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى، قوراللىرىنى ئۆزى يىغىۋالدى. بۇ ئىش ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئارىسىدا مەلۇم ئاداۋەت ۋە بۆزۈلۈش پەيدا قىلغانىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# شىنجاڭدىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ۋە فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى

ئايىمگۈل قابىل

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن)

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ دەۋرىدىلا خارابلاشقان شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرگە قەدەممۇ قەدەم بىرقاتار تۈزىتىش كىرگۈزدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، جايلاردا كەينى - كەينىدىن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىنى ۋە دېموكراتىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى پائال قانات يايدۇردى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، بۇرھان شەھىدى رەئىسلىكنى، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقى يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جايلاردا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، خەلقتە پارتىيىگە بولغان توغرا تونۇش شەكىللەندۈردى. شىنجاڭدىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە بولغان مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ، كەلگۈسىدىكى ھەرخىل دېموكراتىك ئىسلاھاتلارغا يول ھازىرلاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت فاڭجېنىنى ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلىدى: «شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت باپباراۋەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدۇ، مىللەتلەر ئىچىدىكى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، چوڭ مىللەتچىلىككە ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇلىدۇ؛ ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى تەشەببۇس قىلغان پان تۈركىزمگە قارشى تۇرۇلىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى شۇنىڭدەك دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، قىساسخورلۇق، قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرى مەنئى قىلىنىدۇ».

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلۇمىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

تارىختا فېئوداللىق تۈزۈم ۋە مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە ئۇيغۇرلارنىڭ نامرات ۋە قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئالدى

بىلەن باغ - جىيا تۈزۈمى بىكار قىلىندى، يېزىلاردا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، تارىختىن بۇيان فېئودال پومېشچىكلارغا بېقىنىپ كەلگەن دېھقانلار ھەم يانچىلار يېزا - كەنت باشلىقى، دېھقانلار ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىلدى. 1950 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىنجاڭنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدىن ئىبارەت 3 رايونغا ئايرىپ، مۇشۇ 3 رايوننى مەركەز قىلىپ 10 ۋىلايەتلىك پارتكوم، 80 ناھىيىلىك پارتكوم، 500 دىن ئارتۇق رايونلۇق پارتكوم قۇردى، شۇنىڭغا يارىشا ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ۋە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. بۇ ئورگانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا كەڭ ئەمگەكچىلەر خىزمەتكە قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردىن كۆپلىگەن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى، جايلاردا دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلاتلار يېزا - قىشلاقلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنى چىرمىۋالغان فېئوداللىق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بىتچىت قىلىش كۈرىشىگە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى. 1950 - يىل ئەتىيازدا فېئوداللىق سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلىپ، پومېشچىكلارنىڭ سۇغا بولغان زومىگەرلىكى تۈگىتىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسى سۇ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قىلىشى ھەمدە سۇدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى يولغا قويۇشى ئارقىسىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا جەمئىي 14 مىڭ 894 ئېرىق - ئۆستەڭ قايتا رېمونت قىلىنغان، يېڭىدىن 44 ئۆستەڭ چېپىلغان، 1 مىليون 600 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىلگىرى تېرىلماي قالغان يەرلەر باغۇبوستانغا ئايلىنىشقا باشلىغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىمۇ مۇناسىپ ھالدا ياخشىلانغان.

كونا سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى يەرگە بولغان ئېھتىياجى تېخى قاندۇرۇلمىغانىدى. شۇڭا 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پومېشچىكلارنىڭ، دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ يەرلىرى تەڭشىلىپ، يەرسىز دېھقانلارغا ئىجارىگە ئېلىپ بېرىلدى، ئۇلار ھەرخىل نامۇۋاپىق باج - سېلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇلدى، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سېلىقنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى يېنىكلىتىلدى. دەرۋەقە، تارىختىن بۇيان پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان دېھقانلار ۋە قورۇقلاردا تىنىمسىز ھەقسىز ئىشلەيدىغان يانچىلار، دىدەكلەر مەلۇم دەرىجىدە ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئەركىن دېھقانلارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پومېشچىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە بولغان بېقىندىلىقى يوقىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى، تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىمۇ پەيدىنپەي ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

دېموكراتىك ئىسلاھات — فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



مۇلۇكچىلىكىنى ئورنىتىش، «تېرىقچىلارنىڭ يېرى بولۇش» سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش؛ سىنىپىي زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كونا مۇلۇكچىلىك شەكلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانىدى. 1951 - يىل كۈزدىن 1952 - يىل 5 - ئايغىچە يېزىلاردا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، تارىختىن بۇيان ئەمگەكچىلەرنىڭ قان - تەر بەدىلىگە بېيىغان زومىگەر پومېشچىكلار كۆرەشكە تارتىلدى. ئەمگەكچىلەر غەلىبە مېۋىسى سۈپىتىدە تۇتۇننى بىرلىك قىلغان ئاساستا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 جىڭدىن ئاشلىققا ئىگە بولدى. زومىگەر پومېشچىكلاردىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنىدى، ئۇلارنىڭ ھەقسىز ئەمگەككە سالغان ۋە خالىغانچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان قىلمىشلىرى قاتتىق پاش قىلىندى. دېھقانلار يەر ۋە مال - مۈلۈككە ئىگە بولدى. پومېشچىكلارنىڭ بارلىق ھوقۇق - ئىمتىيازلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلار ئاددىتىكى ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ھال كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى.

فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1 - رايون 5 - يېزىسىدىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىدە يانچىلار ئالدى بىلەن پومېشچىكلاردىن ھېساب ئېلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تارتىۋالدى. يېزىدىكى ھەربىر ئائىلە تەخمىنەن 818 جىڭدىن بۇغدايغا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ يېزىدىكى 290 ئائىلە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە يەنە 24 مىڭ 180 جىڭ بۇغدايغا، 1545 قوش كالىسىغا، 1599 ئورغاققا ئىگە بولدى. ئازادلىققا ئېرىشكەن يانچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار بۇرۇنقى بېقىندىلىق، نامراتلىق ۋە قالاقلىق ھالىتىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە فېئوداللىق سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئازاد قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. لېكىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولغان يەر مەسىلىسى يەنىلا ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولمىغاچقا، قىسمەن كونا فېئوداللىق مۇلۇكچىلىك شەكىللىرى ئوخشاشلا ساقلىنىپ قالدى، دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ئېھتىياجىمۇ تولۇق قاندۇرۇلمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. يەر ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىدەك قىلىپ بېكىتتى: (1) باي دېھقانلار ئىگىلىكىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ يەر ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلماسلىق. بەزى جايلاردا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئىجارىگە بەرگەن يېرىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسىنى

مۇسادىرە قىلىش؛ (2) پومېشچىكلارنىڭ «بەش چوڭ مۈلكى» (يەر، ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمىنى، ئوشۇق ئاشلىقى ئوشۇق ئۆي-ئىمارىتى) نى مۇسادىرە قىلىپ باشقا بايلىقلىرىغا چېقىلماسلىق، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا يېتىدىغان بىر ئۆلۈش يەر ۋە مەلۇم دېھقانچىلىق سايمىنى قالدۇرۇش، ئۇلارنى ئەمگەك مەيدانىدا چېنىقتۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش؛ (3) ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ يەر ۋە مال - مۈلكىگە قەتئىي چېقىلماسلىق؛ (4) ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچىلەرنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەم مال - مۈلكىنى قوغداش؛ (5) پومېشچىكلارنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدىكى سودا - سانائەتنى ۋە سانائەت تىجارىتى ئارقىلىق تاپقان پۇل - بايلىقلىرىنى قوغداش؛ (6) يېزىلاردىكى سىنىپىي تەركىبىنى ئېنىق ئايرىپ، يەر ۋە ئەمگەك قوراللىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇشۇخىل تەكىبىنى ئاساس قىلىش؛ (7) يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا يەر ھەم ئەمگەك قوراللىرى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش.

يەر ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقىدەك بېكىتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ شۆبە بيۇرو بىلەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1952 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك يەر ئىسلاھاتىنى رەسمىي باشلىدى. بۇ ھەرىكەت 1953 - يىلى قىشتا تامامەن ئاياقلاشتى. ئىسلاھات جەريانىدا پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئارتۇق ئىگىلىۋالغان 7 مىليون 420 مىڭ مو يېرى، 70 مىڭدىن ئارتۇق ئۇلىغى، 390 مىڭدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق سايمىنى، 190 مىڭ ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆيى، 4 مىليون 670 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقى مۇسادىرە قىلىنىپ، 550 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق نامرات دېھقانغا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى تامامەن يوقىتىلدى، كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى پەيدىنپەي قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

يەر ئىسلاھاتى فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغان شاخلىق يېزىسى، ئاقسۇنىڭ ئايرىم يېزىلىرى ۋە نىيە ناھىيىسىدىمۇ ئۆزۈل - كېسىل ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە بۇ جايلاردىكى فېئودال قورۇق ئىگىلىرىگە پومېشچىكلاردەك مۇئامىلە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق يەر ۋە مال - مۈلۈك يېڭىدىن ئازادلىققا ئېرىشكەن يانچى، نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. مەسىلەن: ئەينى چاغدا فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان شاخلىق يېزىسىدا خوجىلارنىڭ 11 مىڭ 538 مو يېرى، 653 ئېغىز ئۆيى، 136 ئۇلىغى، 197 دېھقانچىلىق سايمىنى، 9500 جىڭ ئاشلىقى مۇسادىرە قىلىنىپ، مەزكۇر يېزىدىكى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

ئومۇمەن، شىنجاڭدا كونا تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تۈپ مەزمۇن قىلغان بىر قاتار دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىگىلىكنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ئۇيغۇرلاردىكى كونىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ تامامەن يوقىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازادلىققا ئېرىشتى. جۈملىدىن، بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان

تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل تۈپ يېڭىلىق بارلىققا كەلدى:

1. ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بۇرۇنقى ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار سىياسىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، فېئوداللىق بويۇنتۇرۇقتىن پۈتۈنلەي خالاس بولدى.

2. ئەكسىيەتچىل فېئودال سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئاساس قىلىنغان قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت ھازىرلاندى.

3. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىمۇ دەسلەپكى تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە باشلىدى.

4. فېئوداللىق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە قالاق يانچىلىق ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىنىپ، ئىگىلىك يۈكسەلدۈرۈلدى. خەلق ئاممىسى يېڭى جەمئىيەت — سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى.

② گۇ باۋ: «مىللەتلەر تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى.

③ «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 2. نەشرى.

④ «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 10. ئاي 1 - نەشرى.

⑤ سۇ بېيخەي: «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى فېئوداللىق قورۇق تۈزۈمى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 -يىل 6 - سان.

⑥ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 - يىل 3 - سان.

⑦ بەي جىنشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى يانچىلىق تۈزۈم ئىگىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىل 1 -سان.

⑧ فېڭ جىياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى.

⑨ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 -يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى.

⑩ كۇاڭ خاۋلىن: «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئازسانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت ئىمىنھاجى جۇبەيرى

# «ئەمەلىيەت» مۇ ياكى «توقۇلما» مۇ؟

## بىر كىتاب تونۇشتۇرۇلغان ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

سەيدۇللا سەيپۇللايوف

جاڭ زىگې ئەپەندىنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قانغا بويالغان قۇملۇق» سەرلەۋھەلىك كىتابى ئۈرۈمچىدە سېتىلغان. بۇ كىتابتا يېزىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى توغرا بولمىغان مەسىلىلەر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا غولغۇلا پەيدا قىلغان. بىراق خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بۇ كىتاب ئۇزاق ئۆتمەيلا كىتاب بازىرىدا كۆرۈنمەي قالدى.

«قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەن بەزى مەسىلىلەردىن ھەيران بولغان كىشىلەر ئەينەن ئەھۋالنى مېنىڭدىن سورىغانمۇ بولدى. كىتابنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى چىقىرىدىغان «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدا چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» سەرلەۋھىلىك كىتابنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىنى كۆردۈم. بۇ ماقالە «جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا يازغانلىرى» دېگەن ماۋزۇدا بېرىلگەن.

چېن شىمىڭ ئەپەندى: جاڭ زىگې ئەپەندىنىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابى 19 باب، 99 پاراگراف بولۇپ، خەت سانى 260 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا «تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش تارىخىي ماتېرىياللارغا سىڭدۇرۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن»، «كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىياللار چىن، دەلىل، ئىسپاتلىق» دەيدۇ.

19 بەتلىك بۇ ماقالىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىلا ئابباسوفنىڭ 1944 - ، 1945 - يىلى ئارىلىقىدىكى (ئىلى شەھىرى گومىنداڭدىن ئازاد بولۇش ئالدى - كەينىدىكى) قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور كىتابنىڭ ئۆزىگە ياققان ئابزاسلىرىنىلا كۆچۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ - غارايىپ باھالارنى بەرگەن. بۇ ماقالە ئەمەلىيەتتە بولمىغان توقۇلمىلاردىن ئىبارەت. ماقالىدە قانداقتۇر بىر ك گ ب نىڭ ئارخىپخانىسى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى



بارلىقى سۆزلىنىدۇ. مانا بۇ تۈپ مەسىلە خاتا بولغاچقا، مەسىلىنى راستقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن توقۇلغان ھېكايىلەرمۇ توقۇلمىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ماقالىدە كۆرسىتىلگەن بىر نەچچە نۇقتا ئۈستىدە قارىشىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

بىرىنچى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى (1944 - يىلى كۈزدە) ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق دېيىلگەن: «ئاننا ئاندرېيېۋنا كوتۇزوۋا (گېنېرالنىڭ قىزى) نىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بىر ماتېرىيال ئارخىپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى... ئارخىپخانا ئىچىدىكى تۆت ئېغىز ئۆيدە پۈتۈنلەي شىنجاڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللار بار ئىدى... تامغا ئىككى خەرىتە ئېسىلغان بولۇپ، بىرى قولدا سىزىلغانىدى... شىنجاڭمۇ بىر دۆلەت قاتارىدا سىزىلغان... ئۇنىڭغا ئىككى قۇر خەت يېزىلغان، بىر قۇرى ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى›، يەنە بىر قۇرى ‹شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى›، (توغرىسى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى — ئاپتور) ... ئارخىپنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە بېتى ‹شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى› توغرىسىدىكى بەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا: ‹ئۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ئۇيغۇر ئابدۇكېرىم ئابباسوف› دەپ يېزىلغان». يەنە «ئاننا ئاندرېيېۋنا ئابباسوفقا ماتېرىيالدىكى ئىسمىنى كۆرسىتىپ، سىز تېخى مەندىن يوشۇرۇپ يۈرۈپتىكەنسىز-دە! مەن سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چويبالسانى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتىم»، دەيدۇ.

بۇ بايان ئەمەلىيەت ئەمەس، بەلكى توقۇلما. بۇ باياندا تۈپ مەسىلە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدى» دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش يولىدا ھەرىكەت قىلغان دېيىشكە ئاساس يوق. شۇنىڭدەك 1944 - يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب دېيىشكىمۇ ئاساس يوق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغاشتىكى مەقسەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، گومىنداڭغا ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان جاھانگىرلىككە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت دەپ قاراش لازىم. ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ بىر بولغانلىقى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ توغرىدا باشقا ماقالەمدە توختالغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئېيتماقچىمەن.

بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا مەخسۇس «شەرق ھەقىقىتى» (تاشكەنتتە)، «يېڭى ھايات» (ئالمۇتادا) ژۇرناللىرىنى نەشر قىلىپ، «شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان» دېگەن قاراش. مەن بۇ ژۇرناللار شىنجاڭ خەلقىنى ئويغىتىشنى، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى

ئاساسىي مەقسەت قىلغان، دەپ قارايمەن. ئۇ ژۇرناللاردا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، سوۋېت تەرەپ ئۇنى پەقەت «جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ» دەپ قارىغان. ھىندىستان، پاكىستانلار 200 يىللىق مۇستەملىكە دەۋرىدىمۇ «ھىندىستان»، «پاكىستان» دەپ ئاتىلىپ، 1947 - يىلىدىن كېيىن مۇستەقىل بولغاندىمۇ يەنىلا شۇ نامنى ئىشلەتكەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ ھەربىي رايونى «تۈركىستان ھەربىي ئوكرۇگى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە باشقا بىر قانچە يەر نامىلىرى «ستان» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاتالغان، بۇنىڭغا قاراپ شىنجاڭدىكى ياشلارمۇ سوۋېت تەرەپنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» «جۇغراپىيىلىك نام» دەپ قارىشىغا ئىشەنگەن. شۇڭا ئۇ ژۇرناللاردىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىغا قاراپلا «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى ئىدى» دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايمەن.

ئىككىنچى، 1945 - يىلى ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى (ستالىن، چېرچىل، روزۋېلت) نىڭ يالتا يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ستالىن ئامالسىزلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى، دەپ قاراش. بۇنى خېلى كەڭ تارقالغان قاراش دېيىشكە بولىدۇ. يالتا يىغىنىدا ستالىننىڭ جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بەش مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدا، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىدىن باشقا شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى، دالىيەن، لۈشۈن پورتلىرى ھەققىدە گەپ بولغان. ستالىننىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتا قىلىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. ستالىن تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىقى قاتارىدا شىنجاڭنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ستالىننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بەش پىكرىنىڭ تۆتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە مەنپەئەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ ستالىن تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم مۇداپىئە قالقىنى دەپ ھېسابلايتتى. شىنجاڭ مۇستەقىللىقى سوۋېت، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىمسىزلىقىنى پەيدا قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەتتە قوزغىلاڭ باشلانغاندىمۇ «مۇستەقىللىق» شوئارى بولمىغان. پەقەت «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەن مەزمۇندىكى شوئارلار بولغان. 1944 - يىلى 12 - نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىل بولدى. بۇ ھۆكۈمەتنى تەشكىللىگۈچىلەر سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى، قوللىغان دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت بىر يىل «مۇستەقىللىق» شوئارى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تىنچلىق بېتىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ شوئار ئەمەلدىن قالدى. سوۋېت تەرەپ شەرقىي تۈركىستاننى يەر نامى دەپ قاراپ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇش ئالدىدا «ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىللىگەن، ئىلىدا «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. سوۋېت تەرەپ 1944 - يىلى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى ئەمەس، بۇنىڭدا ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىگە قاراش

كېرەك. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇشتىن بىر ئاي بۇرۇن بېيجىڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندە، ئەڭ ئالدى بىلەن «ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى!»، «ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!» دەپ شوئار توۋلاپ، ئۇلارنى قارشى ئالغان.

ئاپتور يەنە سوۋېت تەرەپ «شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرماقچى» دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئارخىپخانىدا قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئارخىپى»نى پەيدا قىلغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1944 - يىلى كۈزدە بارغان. ئەمما ئۇ پارتىيە 1946 - يىل 5 - ئايدا غۇلجىدا تەشكىللەنگەن. 1948 - يىل 8 - ئايدا پائالىيىتىنى توختاتقان. 1946 - يىلى تەشكىل بولغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ پروگراممىسى ئىككى يىل بۇرۇن يەنى 1944 - يىلى قانداقلارچە سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب سىنىڭ ئارخىپخانىسىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ پارتىيە ئەسلىدە سوۋېت تەرەپ پىلانلاپ، 1946 - يىلىغا كەلگەندە ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ؟ ياق، قەتئىي ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، 1946 - يىل 5 - ئايدا — ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، يەتتە ۋىلايەتتە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەشكىل قىلىنغان. بۇ پارتىيە تەشكىل قىلىنغاندا، ئىلىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئابباسوفنى «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى تەشكىل قىلدى» دەپ، ئۇنىڭ «ئەدىپىنى» بەرمەكچى بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. («مەن شاھىت بولغان ئىشلار» دېگەن ماقالەمدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھەققىدە توختالغانىدىم). «ك گ ب ئارخىپخانىسىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئارخىپى» دېگەن گەپلەر خىيالغا كەلگەن قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت. ئاننانىڭ ئابباسوفقا: «سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چويبالسانى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتىم» دېگىنى قۇرۇق گەپنى راستقا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاپتور قانداقتۇر ك گ ب نىڭ بىر ئارخىپخانىسىنى ياساپ، قانداقتۇر بىر گېنېرالنىڭ قىزى ئارقىلىق ئابباسوفقا ئارخىپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. شىنجاڭلىقلار ك گ ب نىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىن ئاز - تولا خەۋەردار. ئاننا ئاندرىيېۋنا قانداق گېنېرالنىڭ قىزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شۇ ئارخىپخانىنىڭ خىزمەتچىسى بولمىسا، ھەرگىزمۇ ئارخىپخانىغا كىرەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، چەت ئەللىك ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى «ك گ ب نىڭ ئارخىپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى» دېسە، تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى دەپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىككىنچى نۇقتا. ئاپتور ئابباسوفنى موسكۋاغا بارغاندا مولوتوف، مالېنكوفلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ستالىن قوبۇل قىلغان دەپ يازغان. بۇ يەردىمۇ بىر مۇنچە توقۇلمىلار بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇ رەھبەرلەر (ستالىننى دېمەكچى) ئابباسوفقا: «بىز

ئۆيلانغاندىن كېيىن، سىلەرنى قەتئىي قوللاشنى قارار قىلدۇق. بىز قوشۇنىڭلارنى يېتەرلىك قورال - ياراغ بىلەن قوراللاندۇرىمىز. ... قورallىق خادىملارنى تاللاپ سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزغا تاپشۇرىمىز. . . » دەيدۇ. يەنە ئۇ رەھبەرلەر ئاباسوفتىن: «نېمە تەلىپىڭىز بار؟» دەپ سورايدۇ. ئاباسوف: «ستالىننى كۆرسەم دەيمەن» دېگەندە، (زال قاراڭغۇراق بولغاچقا، ئاباسوف ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ستالىننى تونىيالماي قالدى دېمەكچى.) ئاباسوفنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر نەچچە كىشى پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى» دەپ يازغان.

1935 — 1942 - يىللاردا كۆپلىگەن سوۋېتلىك خادىملارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن شىنجاڭدا ئىشلەپ كەلگەنلىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ يىللاردا ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «خەلقئارا كىتابخانا» لار ئېچىلىپ، ماركسىزمغا دائىر نۇرغۇن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتابلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر سېتىلغان. شۇنداقلا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە مولوتوف، ۋارشىلوف، كوسىگىن، مىكويان قاتارلىق سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ رەسىملىرى سېتىلغان. شىنجاڭ زىيالىيلىرىغا ئۇلار بەكمۇ تونۇش ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ زال ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ ستالىننى تونۇيالماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ يەردە ستالىننىڭ: «بىز قايتا ئويلىشىپ سىلەرنى قەتئىي قوللاشنى قارار قىلدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى ئېيتىشىنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا ئىنقىلابنى قوللاشنى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغان. ئاباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان كۈنلەردە، شىنجاڭنىڭ بىر قانچە جايىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلانغان. ماقالىدە يېزىلىشىچە: ستالىن ئاباسوفنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ چىققاندا، مولوتوف ئاباسوفقا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر بېجىرىدىغان كىچىك بىر ئىش بار. سىز بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئەمەس. ھازىر بۇ رەسمىيەتنى تاماملىشىڭىز كېرەك. سىز ئانكېت تولدۇرۇڭ. بىز ئىككىمىز (مالىنكوفنى كۆرسىتىپ) سىزگە تونۇشتۇرغۇچى بولىمىز» ، دەيدۇ. ئاباسوف بولسا «مەن مۇنداق ئويلايمەن، بولشېۋىك پارتىيىسى ئىنتايىن ئالىيجاناپ پارتىيە، ئۇنىڭ ئەزالىرى خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، مەن ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقسام، ‹ئالاھىدە ماتېرىيال› ئۆلچىمىگە تېخى توشمايدىكەنمەن. . . . » ، دەيدۇ. ئاباسوفنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەنلىكىدىن سوۋېت تەرەپ رەنجىيدۇ-دە، ئاباسوف ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ ھامان سىمىيونوف دېگەن ئادەم ئاباسوفقا «سىز ئەمدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چايبولسانى بولالمايدىغان بولدىڭىز؟» دەيدۇ. (بۇ يەردە گېنېرالنىڭ قىزىنىڭ سۆزى يۇقىرى قاتلامنىڭمۇ سۆزى ئىدى دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان) ئاباسوف بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئاباسوفقا ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس ئايروپىلانمۇ يوق بولدى. . . ئۇنىڭ تاشكەنتكە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى بىلەن بېرىشىغا توغرا كەلدى». تونۇشتۇرۇلغان بۇ ئىككىنچى نۇقتىغا بىردىنبىر جاۋاب بېرىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زوروۋرىيىتى يوق دەپ قارايمەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتور شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى ئازراقمۇ ئۆگەنمىگەن.

ئۈچىنچى، ماقالىدە ستالىن تەستىقلىغان قانداقتۇر 7 ماددىلىق «ئىنقىلابنىڭ پىلانى» ھەققىدە توختىلىپ: «غۇلجا ناھىيىسىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان جاي قىلىپ بېكىتىش. بۇنداق قىلغاندا، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا، ناھىيە بازىرىدىن ئىلىغا ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاب غۇلجا ناھىيىسىدىن ئەمەس، نىلقا ناھىيىسىدىن باشلانغان. ئىلىدا «ناھىيە بازىرى»، «ئىلى شەھىرى» دەيدىغان ئىككى شەھەر يوق. ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ئىلى شەھىرى ئىكەنلىكىدىن ئاپتور خەۋەرسىز بولسا كېرەك. يەنە «3. قوزغىلاڭ باشلايدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندە، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، قوزغىلاڭ نىلقىدا 9 - ئايدا باشلانغان. 6 - نويابىر شەھەرگە ھۇجۇم باشلانغانلىقى ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقى بولمىسا كېرەك. (باشقا بىر نەچچە ماددىلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە توختالمىدىم).

پىلاننىڭ 6 - ماددىسىدا: «جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىچكى ئىشلار ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشقۇرۇش» دەپ يېزىلغان. ئاپتور ئابباسوفنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئىشلىگەن خىزمىتىنى ئاڭلىغان بولغاچقا بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بىراق، ئاپتور ئابباسوفنىڭ ھەربىي قىسىمدا سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى بولغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بۇنى پىلان ماددىلىرى ئىچىگە كىرگۈزمىگەن. ئۈچ ۋىلايەتتە «جامائەت خەۋپسىزلىكى» ئورگىنى بولغان ئەمەس. «ئىچكى ئىشلار نازارىتى» بولغانلىقىنىمۇ ئاپتور بىلمەيدىكەن. بۇ جايدا يەنە يەتتە ماددىلىق پىلاندىن باشقا «موسكۋانىڭ بىر نەچچە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش»ى توغرىسىدا سۆزلىنىپ: «1. قوزغىلاڭچى قوشۇنغا يەتتە مىڭ كىشىلىك قورال، كىيىم كېچەك ۋە ماددىي ئەشيا بېرىش» دېگەن گەپ يېزىلغان. سوۋېت تەرەپ كىيىم - كېچەك بەرگەن ئەمەس. قانچە تال قورال بەرگەنلىكىمۇ قاتتىق مەخپىي بولۇپ، بۇنى ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمىتى ئەزالىرىمۇ بىلمىسە كېرەك. جاڭ زىگې ئەپەندى ئۇنى قانداق بىلگەندۇ؟ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنە «قىزىل ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى ئىسھاقبېكنى قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانى قىلىپ ئەۋەتىش» دېيىلگەن. قوزغىلاڭ باشلانغاندا، ئالېكساندىروف (يەرلىك ئاق ئورۇس) باش قوماندان بولغان، بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن پالىنوف (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) باش قوماندان بولغان، تىنچلىق بېتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، سوۋېتلىكلەر ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئىسھاقبېك باش قوماندان بولغان. ئىسھاقبېك شىنجاڭنىڭ ئۈلۈغچات ناھىيىسىدىن بولۇپ، 30 - يىللاردا قەشقەردە ھەربىي خىزمەت ئىشلىگەن. ئۇنىڭ قىزىل ئارمىيىدە پولكوۋنىك بولغانلىقىنى جاڭ زىگېنىڭ يازغىنىدىن ئاڭلاۋاتىمىز. ستالىن تەستىقلىغان «يەتتە ماددىلىق پىلان» ياكى «موسكۋا ئورۇنلاشتۇرغان ئىش» راست بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئىجرا قىلىناتتى. بىراق ئۇنداق «پىلان»نى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ۋە ھېچكىممۇ ئىجرا قىلمىغان. شۇڭا ئۇ «پىلان»

ۋە «ئورۇنلاشتۇرۇش» مەۋجۇت ئەمەس. «پىلان» ۋە «ئورۇنلاشتۇرۇش»لار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ژۇرنالنىڭ 10-بېتىدە، ماقالە ئاپتورى «بۇ قوزغىلاڭ پىلانى يېكاتېرىنا I دەۋرىدىكى روسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى... بىلەن تومۇرداش ئەمەسمۇ؟ شۇڭا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى كىشىلەرنىڭ چار پادىشاھنىڭ پۇشتى دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ يامان غەرەزلىك ئەيىبلەش دېگىلى بولمايدۇ» دەپ يازغان. ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئۆز ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە باشقا بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىشى، توپتىن ئالغاندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى ئىدى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 1945-يىلى شەرقىي شىمالغا كىرىپ ياپونىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىشى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئامىل» بولغان. شۇ مەزگىلدە يەنە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش پىلانى بولغان تەقدىردە، ئۇنى قانداقلارچە «چار روسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى بىلەن تومۇرداش پىلان» دېيىشكە بولسۇن؟ شىنجاڭ خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت دەپ قارىغان ھەم ئىشەنگەن. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ دۆلەتچىلىك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە «سىياسەت بەلگىلىگۈچى» بولۇۋېلىشى خاتا. ئۈچ ۋىلايەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى ئەمەس، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھامىيلىقىدىكى بىر دۆلەت ئەمەس، بەلكى مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگونىڭ كىچىك بىر رايونىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالغان ئۈچ ۋىلايەت «چار پادىشاھنىڭ پۇشتى»غا ئوخشاپ قالغىنىكەن، ئۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئازادلىققا ئېرىشكۈچىلەرمۇ چار پادىشاھنىڭ پۇشتىمۇ؟ ئاپتورلار ئەينى يىللاردا بىر تەرەپنىڭ تەشۋىقاتىنى كۆپلەپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغان بولسا كېرەك. شىنجاڭدا ئىبلىس شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھاكىمىيىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەي ساقلاپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى نىقابلاپ، سوتسىيالىزمچى قىلىپ كۆرسەتتى. شىنجاڭغا گومىنداڭنى كىرگۈزمىدى، گومىنداڭغا قارشى تۇردى. شىنجاڭغا نۇرغۇن كوممۇنىست كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي «پۇرسەت كەلدى» دەپ بىلىپ، ئىلغار كۈچلەرنى، كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى ۋە قىردى. ئاخىرى ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. شېڭ شىسەي يەنە ھېلىگەرلىك قىلىپ، «شىنجاڭنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن ساقلاپ قالدىم.» دېگەندە، جاڭ جيېشى شېڭ شىسەينى «ۋەتەنپەرۋەر» دېدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن جاڭ جيېشى ئۆزىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى» نامايان قىلماقچى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىر سەپتە گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلغان، ئازادلىقنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلىگەن، ئۇنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش دەيدىغان پىلانى بولغان ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ چېن گەپەندى ئۇنى قاراپ تۇرۇپ «چار پادىشاھنىڭ پۇشتى» گە ئوخشاتقان. ماقالىنىڭ يەنە بىر نۇقتىسىدا ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، دىنكوف ئاباسوفقا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىسىملىكىنى كۆرسىتىپ، «ستالىن بۇ ئىسىملىكنى پرىنسىپ جەھەتتىن تەستىقلىدى. . . ئەمدى سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماقچىمىز. . .» دەپ، بەزى سوئاللارنى سورايدۇ. شىنجاڭنىڭ كىچىك بىر جايىدىكى تېخى قوزغالمىغان قوزغىلاڭغا كىرىشمىگەن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەنزىسىنى تەييارلاپ ئاۋارە بولغاندىمۇ؟ ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەگەر ئاپتورلار شىنجاڭدا چوڭ بولغان كىشىلەردىن بولسا، بۇ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. بۇ تولىمۇ ئاددىي ساۋات ئىدى.

ئۈچىنچى، ماقالىدە دىنكوف ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىك بەنزە ئىسىملىكىگە پىكىر سورىغاندا، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۇنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى: «مېنى كۆرۈپ باقسۇن دېگىنى ماڭا ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئىككى خىل ئادەمنى پاش قىلغۇزۇش ئۈچۈن ئىكەن-دە، ئۇنداقتا مېنىڭ ھەرقانداق توغرا پىكرىممۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال مەندىن پىكىر ئالمايدۇ؟ قارىغاندا، پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللاتچىسى مەن ئەمەس، باشقا ئادەم ئىكەن. . . مەن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايۋېتىپتىمەن، بەلكى ئۇلار مېنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. . . بۇلار ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ غۇرۇرىغا بەكمۇ تەگدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئوتى قاپلىدى، ئۇ شىرەنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. . .» دەپ يېزىلغان. ئاپتور ئاباسوفنى زادى قانداق ئورۇنغا قويماقچى؟ ئابدۇكېرىم ئاباسوف جاڭ زىگې ئەپەندى ئېيتقاندەك تەكەببۇرلاردىنمۇ، ھوقۇقپەرەسلەردىنمۇ ئەمەس. ئەگەر ئاباسوف ھايات بولغان بولسا، ئۆزى توغرىلىق يېزىلغان بۇنداق كۆلكىلىك گەپلەرگە ھەقىقەتەن «غەزەپلىنىپ شىرەنى ئۇرۇپ»، ئورنىدىن تۇرۇپ، جاڭ زىگې ئەپەندىنى ئەيىبلىگەن بولاتتى.

ماقالىدە يەنە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «ئالدىنقى باسقۇچتا ئەسقاتقان ئادەملەر ئاخىرقى باسقۇچتا ئېھتىياجلىق بولۇۋەرمەيتتى؛ شۇنداقلا غەلىبىگە يېقىنلاشقانسېرى، قىيىن ئەھۋالدا قەھرىمان بولغانلارنىڭ يولى تارىيىپ باراتتى-دە، غەلىبىدىن كېيىن چوڭ ئەمەلدار بولۇشى ناتايىن ئىدى.» «ئاخىرىدا كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمى توغرا بولۇپ چىقتى. . .» ئېلىخان تۆرە، غېنى، پىلىنوف (توغرىسى پالىنوف ـ ئاپتوردىن) قاتارلىقلار بوران ـ چاپقۇن تىنچىغاندا يۈزلەنگەندە غايىپ بولدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوفمۇ بىرىنچى قول بولالمىدى». بۇ ئادەملەرنى قانداقمۇ بىر قاتارغا قويغىلى بولسۇن؟ ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، تەقدىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر. بۇ يەردىمۇ كىتاب ئاپتورى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئادەتتىكى ئەھۋاللارنىمۇ بىلمەيدىكەن دېگەن سۆزنى تەكرارلاشتىن باشقا ئامال يوق.

ماقالىنىڭ قالغان بىر نەچچە بېتىدە

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ياڭ فېڭيى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ياڭ فېڭيىنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ۋە كىتاب ئاپتورىنىڭ ئابباسوف بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېزىلغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1944 - يىلى 24 ياش بولۇپ، قىران يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدە ھەر خىل كەچۈرمىشلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمەكچى ئەمەسمەن. مەن بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە مەسىلىنىڭ توغرا يېزىلمىغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ماقالىدە (ژۇرنالنىڭ 13 - بېتىدە): «ياڭ فېڭيى ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ خەنزۇ ئاھالىلەرنى قارىغۇلارچە قىرغانلىقىدىن خاپا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانىدى...» دېيىلگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1944 - يىل 6 - نويابىر شەھەرگە كىرگەن. ھەرەمباغدىكى جەڭ 1945 - يىلى 12 - ئاي، 1946 - يىل 1 - ئايدا قاتتىق بولغان. شەھەردە ئۇرۇش بولماي تۇرۇپلا ياڭ فېڭيى قانداقسىگە «قارىغۇلارچە قىرغىنچىلىققا» خاپا بولغاندۇ؟ نېمىگە غەزەپلىنىپ كەتكەندۇ؟ بۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇ بەتتە ياڭ فېڭيى ئابباسوفقا «ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىمىز دېگەنىدۇق! ئۇلار تەسلىم بولۇۋىدى، قانداق بولدى؟ ھەرەمباغدا تەسلىم بولغانلاردىن كىم تىرىك چىقتى؟» دەيدۇ، دېيىلگەن. «خەنزۇ ئاھالىلىرى قارىغۇلارچە قىرغىن قىلىنىۋاتقان» شارائىتتا، ياڭ فېڭيى قانداقلارچە گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش خىزمىتىنى ئىشلىگەندۇ؟ گومىنداڭ 1944 - يىل 12 - نويابىردا شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، ھەرەمباغ تەرەپتە مۇداپىئەلەنگەن، 1945 - يىلى 29 - يانۋار گومىنداڭ قىسىملىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئۆز قىسمىغا قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن قاراياغاچ مازار تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، پارتىزانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان. دېمەك، ھەرەمباغدا ھېچكىم تەسلىم بولغان ئەمەس. تەسلىم بولغانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىۋەتكەن ئىشمۇ بولغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسىر ئالغان ئىككى گېنېرال، بىر نەچچە يۈز ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر بىلەن 5000دىن ئارتۇق ئەسكەرنى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا گومىنداڭ تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەممىگە ئايان.

بۇ يەردە ياڭ فېڭيىنىڭ يەنە ئابباسوفقا «مەن سىلەردىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. بۇنداق ئادەملەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇش مەن ئۈچۈن نومۇس» دەپ تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانلىقى يېزىلغان.

ياڭ فېڭيى ئابباسوفتىن ئۈمىدسىزلەنگەنمۇ؟ ئابباسوفنىڭ ئادەملىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇشنى نومۇس ھېسابلاپ ئۆلۈۋالغانمۇ؟ ئابباسوف بىلەن ياڭ فېڭيى يېقىن دوستلار، ئىككىلىسى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغار ياشلار، ئىنقىلابنى قىزغىن قوللىغۇچىلار ئىدى، شۇنداقلا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ياڭ فېڭيىنىڭ سۆيگىنى ئىدى. ئاپتور يەنە «ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر خەنزۇ قىز ئىدى، بۇ يات ئەلدىن كەلگەن ئاتالمىش ‹ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى›نىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ۋە ‹شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى، نىلقا قوزغىلىش مۇراسىمىنى غالجىرانە زور قىرغىنچىلىق ئارقىلىق تەبرىكلىگەن جىنايى قىلمىشقا ئاخىرقى قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدى» دەپ يازىدۇ. نېمە دېگەن «دەبدەبىلىك» سۆزلەر بۇ!

ئەينى يىللاردا، ياڭ فېڭيىدەك ئىلغار ياشلار شىنجاڭدا ئاز ئەمەس ئىدى. ياڭ فېڭيى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئاپتور ياڭ فېڭيىنى قانداق ئورۇنغا قويغان بولىدۇ؟ ئېنىقكى، ياڭ فېڭيىگە بېرىلگەن باھا بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ ھەرىكىتى ماس كەلمەيدۇ.

ياڭ فېڭيى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى؟ ئاپتور ئەھۋالنى ئېنىق كۆرگەنمۇ؟ ژۇرنالنىڭ 15 - بېتىدە يېزىلىشىچە، ۋېي جيا ئىسىملىك بىر خەنزۇ قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە جاڭ زىگې ئەپەندىمۇ قاتناشقانىمىش، ئۇ قىز رومكا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «بىز ھەرەمباغقا قامىلىپ قالغاندا، قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولغان تۈركۈم - تۈركۈم گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى، ئەسكەرلىرىنى غېنى باتۇرنىڭ پىلىموت بىلەن ئېتىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىز پۇقرالارنى بىر يەرگە يىغىپ ئاتماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف كېلىپ قېلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان» لىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھەرەمباغدا ھېچكىم تەسلىم بولغان ئەمەس، ھېچكىم قىرىلغانمۇ ئەمەس. ۋېي جيا بىلەن ياڭ فېڭيىلارنىڭ سۆزلىرى بىر - بىرىگە زىت. ئاپتور بۇنىمۇ سەزمىگەن. ئىككىسىنىڭ سۆزىدىن قايسىنىڭ راست؟

چېن شىمىڭ ماقالىسىنىڭ بېشىدا (ژۇرنالنىڭ 3 - بېتىدە): ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «زوراۋان ھاكىمىيەتكە، زۇلۇمغا قارشى سىنىپىي كۈرەشتىن باشلىنىپ، پەيدىنپەي كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىققا يۈزلەنگەن تراگېدىيە» دەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شۇنداق بولسا، قانداقچە جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ؟ بەزى ئىغۋاگەرلەر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارغا قارشى ئىنقىلاب» دېگەنىدى. بەزىلەر: «ئۈچ ۋىلايەت خەنزۇلارنى قىرىپ تۈگەتكەن» دېگەنىدى. چېن شىمىڭ ئەنە شۇ گەپلەرنى يېڭىچە جۈملىلەر بىلەن تەكرارلىغان. ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكىسىدا ئېنىقلىنىشىچە، 1949 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 35 مىڭ خەنزۇ پۇقرا ياشىغان. ئۇرۇش بولغانىكەن، ئادەم ئۆلۈش بولىدۇ. دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمى پۇقرالار دېيىشكە بولىدۇ. جەڭدە ئادەم ئۆلگەندىن باشقا ئالدىنقى سەپ ئەتراپىدا، ئارقا سەپتە پۇقرالار ئۆلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يامان ئادەملەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى، ئۆچمەنلىك قىلىشى بىلەنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا خاتا بۇيرۇق ياكى خاتا سىياسەت تەسىرى بىلەنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادا ئىرقىي، دىنىي زىددىيەتلەر بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، قىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

ئۈچ ۋىلايەتتە خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈش خاتالىقى ئۆتكەن. خاتالىقنىڭ قانداق دائىرىدە ۋە قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرا ئەمەس. ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەتتە

خەنزۇلارنى بولىغان، ئۆلتۈرگەن يامان ئادەملەرگە چارە كۆرۈلگەن، بىر قىسمىغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدە بۇرۇن بەزى ماقالىلىرىمدا پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلىمايمەن. دېمەكچىمەنكى، مەسىلىنىڭ بىر تەرەپلىمە قويۇلمىغىنى ياخشى، بىر تەرەپلىمە قويۇلسا، مەسىلە ھەل بولمايدۇ، ئەكسىچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.

ژۇرنالنىڭ 17 - بېتىدە ئابباسوف بىلەن جاڭ زىگېنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆز بولۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاڭ سەھەر 5دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ زىگې گېزىتىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف جاڭ زىگېنىڭ ياتىقىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى كۈچىنىڭ بارىچە تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ: ‹ۋېن پېيرەن قولغا ئېلىنىپتۇ، دېدى... يېرىم سائەت ئۆتمەيلا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېڭى بىناغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن جېدەللىشىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن!» . بۇ ئابزاسقا قارىتا پىكىرىم:

1) ئابدۇكېرىم ئابباسوف جاڭ زىگې ئەپەندى بىلەن 1946 - يىلىدىن بۇرۇن تونۇشامتى؟ جاڭ زىگې ئەپەندى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش يوق ئىدى. ئۇ چاغدا ئابباسوف ئىلىدا ئىدى. دېمەك، 1944 — 1946 - يىللىرى ئۇرۇش يىللىرى بولۇپ، ئۈرۈمچى - ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش يوق ئىدى. ئابباسوفنىڭ تونۇمىغان، بىلمىگەن ئادەمنىڭ قېشىغا، بولۇپمۇ گومىنداڭ گېزىتخانىسىنىڭ باش تەھرىر ئىشخانىسىغا سىياسىي مەسىلىنى خەۋەر قىلىپ كىرىشى مۇمكىنمۇ؟ ياكى بولمىسا جاڭ زىگې ئالاھىدە ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئابباسوف بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بولغىمىدى؟

2) ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوف قاتارلىق 10 نەچچە مەسئۇل خادىم 6- ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئېچىلغان ئاممىۋى چوڭ يىغىنغا قاتناشقان. ئابباسوفنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تېخى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا چىقماي تۇرۇپ، تونۇشمىغان بىر كىشىنى — ئۆلكە گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى جاڭ زىگېنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشى مۇمكىنمۇ؟

3) ئابباسوف قاتارلىق 10 نەچچە كىشى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يولنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ماشىنا قاتنىشى باشلانغان. بىرىنچى تۈركۈمدە ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر ئىچىدە ۋېن پېيرەن يوق ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ؟ ۋېن پېيرەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇنداق تېزلا ئۈرۈمچىگە كېلەلمەيتتى.

4) ئابباسوف ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى رەسمىي سورۇنلاردا تېخى بىر - ئىككى قېتىملا كۆرگەن، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ: چوڭ بىر مەسىلىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن

قانداقمۇ جىبدەللىشىپ كەتسۇن؟ جاڭ زىگي ئەپەندى باشقىلارنى ئۆزىنىڭ توقۇلمىلىرىغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، ئاببا سوفنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىنى سائەت - مىنۇتلىرىغىچە كۆرسىتىپ ئاۋارە بولغان. ھەتتا 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل بولغان چوڭ يىغىن ئېچىلىدىغان كۈنى ئاببا سوف قانداق قىلىپ جاڭ زىگېنىڭ ئۆيىگە بارالىسۇن؟

چېن شىمىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابنى «تارىخىي خاتىرە تىپىدىكى ئەدەبىي ئەسەر» دەيدۇ. قانداق ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخنى يازغانىكەن، تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بولمىسا «ئەپسانە»گە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىر بولىدۇ. لېكىن تەسۋىرمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ئىلمىي بولۇشى لازىم. بىر تال تېرىقنى قوناقتەك، ئېشەك كەتسە قاقتەك قىلىپ تەسۋىرلەش مۇمكىن دەپ قارىغاندىمۇ، بىر تال تېرىقنى تاۋۇزدەك قىلىپ كۆرسەتسە، ئۇ ئەپسانە بولۇپ قالىدۇ-دە، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. تارىخىي شەخسلەرنى يېزىشتا، بولۇپمۇ قەھرىمانلارنى يېزىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ.

چېن شىمىڭ تونۇشتۇرغان «قانغا بويالغان قۇملۇق» ناملىق كىتابنىڭ مۇھىم بىر نەچچە نۇقتىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت بولماي، پۈتۈنلەي توقۇلمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۆزەم كۆرگەن - بىلگەنلىرىم ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. چېن شىمىڭ ئەپەندى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، «قانغا بويالغان قۇملۇق»نى «ئەمەلىيەتنى يازغان... چىنلىقىنى يازغان، ياسالمىلىق يوق...» دېيىش ئارقىلىق جاڭ زىگي ئەپەندىنى «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئاچتى» دەپ كۆچۈرگەن. ئۇ ژۇرنالنىڭ 3 - بېتىدە: «شىنجاڭدا نۇرغۇن يىل ئىشلىگەن، 'شىنجاڭ گېزىتى'، ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن جاڭ زىگي 80 ياشتىن ئاشقان چېغىدا بۇ چەكلەنگەن رايونغا (ئۈچ ۋىلايەتنى دېمەكچى) دادىل بۆسۈپ كىرىپ، 'قانغا بويالغان قۇملۇق' دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، مۇرەككەپ ئىلى بورانلىرىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىۋەتتى» دەيدۇ. يەنە بىر بېتىدە جاڭ زىگي ئەپەندىنى «ئابدۇكېرىم ئاببا سوفنىڭ ھاياتىغا دائىر بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن، شۇڭا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئىچكى ئەھۋالنى ئېچىپ بەردى... سۆزلەشكە بولمايدىغان سىرلارنى خەلققە - ئالەمگە ئاشكارىلىدى» دەيدۇ. چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھەققىدە يېزىلغان مەسىلىلەرگە باھا بېرىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتنى كۆرمەي، بىلمەي تۇرۇپ، كىتابتىكى سۆز، بايانلار ئۆزىنىڭ قارىشىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا «ھەممىسى راست»، «ھەممىسى ئەمەلىيەت» دەپ ماختىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئاپتور ئابدۇكېرىم ئاببا سوفنىڭ ھاياتىغا دائىر قانداق قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندۇ؟ بۇ ماتېرىيال بىلەن كىم تەمىنلىگەندۇ؟ ئابدۇكېرىم ئاببا سوفنىڭ سەپداشلىرى، دوستلىرى

بىلمەيدىغان قانداق «سىرلار» باردۇ؟

يەنە ماقالە ئاپتورىنىڭ «. . . كىتابنى يېزىپ چىقىپ، مۇرەككەپ ئىلى رايونىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىۋەتتى» دېيىشى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ «خەنزۇلارنى قىرىۋەتتى. ش ت ھۆكۈمىتى قۇردى. . . سوۋېت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى» قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى «سىرلار» دەپ تونۇغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىراق، بۇ مەسىلىلەرنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھېچقانداق سىر ھېسابلىمىغان، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ بۇلارنى يوشۇرغان ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ يالغان، تۆھمەت ياكى مۇبالىغىلەرنى رەت قىلىپ كەلدى.

چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ جاڭ زىگې ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابىنى شۇنچە كۆككە كۆتۈرۈپ تونۇشتۇرغانلىقىغا ھەيرانمەن. بەلكىم ئۇلار ئەينى يىللاردىكى سەپداشلار ياكى زامانداشلار بولۇشى مۇمكىن. 1949 - يىلى 9 - ئايدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا بەرگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ لېچۈەن شۇجىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ياكى ئۇنىڭ قۇربان بولغان رەھبەرلىرىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماۋزېدۇڭ بەرگەن باھا ئاساسىدا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلدى. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ھە دېسىلا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق. ھەتتا بۇنداق قىلىشنى «ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەنلىك» بولىدۇ، دېسە كېرەك. بەزىلەر بولسا كوچا پاراڭلىرىنى يىغىۋېلىپ، «ھەقىقەتنى سۆزلىدىم»، «ئىچكى سىرنى بىلدىم» دەيدۇ. جاڭ زىگې ئەپەندى بىلەن چېن شىمىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولسا كېرەك. ئەينى يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەزىيىتىنى بىلىدىغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار «قانغا بويالغان قوملۇق»تىكى مەن كۆرسەتكەن نۇقتىلارنى رەت قىلماي تۇرالمايدۇ. ئەينى يىللاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرىدىن بولغان خەنزۇ زىيالىيلاردىن لى تەييۇ (ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)، جىلڭ شىخۇا (ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)، فېي رۇي (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدە) قاتارلىق كىشىلەر ھازىرمۇ ھايات، ئۇلار ئابباسوفنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار، ھەتتا بەزىلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە بارغان ۋە ئۇ يەردە خىزمەت قىلغان، كېيىنكى يىللاردا مەسئۇل خىزمەت ئۆتەپ، دەم ئېلىشقا چىققان. ئاپتورنىڭ شۇ كىتابى ھەققىدە شۇ كىشىلەردىن پىكىر ئېلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئۇلار «كىتاب»قا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ زىيالىيلاردىن ھېلىقى كىتابنى ئوقۇغانلار ھەيران بولغان. ئۇلاردىن بىرىنىڭ كىتابتىكى يالغان گەپلەرنى كۆرۈپ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم.

# سەيدۇللا سەيپۇللايوفنى ئەسلەيمەن

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قۇمۇلى

سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ۋاپاتى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنى ئېغىر قايغۇغا سالدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ مەرھۇمغا بىلدۈرگەن تەزىيىسى ئۇنىڭ بىر سۆيۈملۈك رەھبەر، خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئۇ خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى، خەلق ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا تاشكەنتچى ئوقۇتقۇچۇم ئابدۇراخمان سەئىدىنىڭ ئالبۇمىدىن سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقاندا چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچىمدىن ئۇنىڭ تاشكەنتتىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقىنى ئاز - تولا ئاڭلىغانىدىم. تاشكەنتچىلەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار تاشكەنتچىلەرنى بەك ھۆرمەتلەيتتى.

مەن 1954 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىپ سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ كادىرلار خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدىم، بۇ مېنىڭ سەيپۇللايوفنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ چاغدا سەيپۇللايوف شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىكەن. 1957- يىلى ئۇ قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ۋالىيلارنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۇ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. بۇ چاغدا مەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشۇم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى. كېيىن بىز دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بىللە سازايى قىلىندۇق. بەزى چاغلاردا بىللە تەنقىد، كۆرەش قىلىندۇق. 1979 - يىلى سەيپۇللايوفنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونغا يۆتكەلدى. 1984 يىل 10 - ئايدا مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆتتۇم. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇردۇق. كېيىن مەنمۇ پېنسىيىگە چىقتىم، بۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، بىز دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇردۇق. سۆھبەت جەريانىدا مەن ئۇنىڭدىن



كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم ۋە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇڭا مەن ئۆز چۈشەنچەم ۋە تەسىراتلىرىم ئاساسىدا ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف 1918 - يىلى تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇلۇغۋار غايە، ئىلغار ئىدىيە، ئېسىل پەزىلەت - خىسلەتلەر مۇجەسسەملەشكەن، دۆلەت مەمۇرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتلەر ھازىرلانغان.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف تۇنجى سوتسىيالىزم دۆلىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ئىدىيىسىنى ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرغان. تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشقا، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولغان. ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قۇرۇلغان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ھەيئەت رىياسەت ئەزاسى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەڭ بۇرۇن ئەزا بولغان كوممۇنىستلاردىن بولۇپ قالغان. سەيدۇللا سەيپۇللايوف يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىنقىلابىي ھاياتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئۇلۇغۋار غەلىبىلىرىنى تەنتەنە قىلغان. دېمەك، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغان.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف شىنجاڭدا مائارىپ مەشئىلىنى ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن ھەقىقىي مەرىپەتپەرۋەر پېداگوكلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىلىم - پەننى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. تاشكەنتتە ئوقۇغان ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. ئۇ تاشكەنتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ ئىدارىلىرىدە ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مەيلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان مەزگىلدە بولسۇن ياكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئىشلىگەن يىللاردا بولسۇن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ

مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە ئەينى يىللاردا تاشكەنتتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ مائارىپ كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تەسىرى چوڭقۇر، ئابرويى يۇقىرى ئىدى.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، مائارىپ خىزمىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايقاپ، بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، بىرمۇنچە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ مائارىپ ئىسلاھاتىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەندى ۋە دېھقانلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بالىلىرىنى ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش خىراجىتىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بۇ ھال دېھقانلارنىڭ مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايتتى...

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش چاغلىرىدىلا ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە قانداق ياشاش، كىم ئۈچۈن ياشاش، كىم ئۈچۈن ئىشلەش مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلغانىدى. ئۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ، شىنجاڭدىكى ئېزىلگەن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىغان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. خەلق ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ دېھقانلار- نىڭ مەنپەئىتىنى بەك ئويلايتتى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش يىللىرىدا قۇمۇلدا خىزمەت قىلغاندا دېھقانلار بىلەن ئۈچتە بىللە بولدى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە رەھبەرلىك قىلدى. قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ ئالتۇنلۇق چوڭ ئەترىتىدە ئىشلەۋاتقاندا ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومغا كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ نورما ئاشلىقى يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، قىشتا ئوتۇندىن قىينىلىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دوكلات قىلىپ، پارتكومدىكىلەرنى تەسىرلەندۈردى. كېيىن ئۇ قۇمۇل كۆمۈركان شىركىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، ئالتۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى دېھقانلارغا بىرنەچچە توننا كۆمۈر توپىسىنى ھەقسىز ئەكەلدۈرۈپ بەردى. يەنە قارغۇم ئۆستىڭىگە بىر سۇ تۈگمىنى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۇن تارتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇ ئىشلارغا ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇپ قارىساق ناھايىتى كىچىك ئىشتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاشۇ قەھەتچىلىك يىللىرىدا بۇ ئىشنى ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرمۇ ناھايىتى تەستە ھەل قىلالاتتى. بۇ خىل ئەمەلىي ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇ دېھقانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

سەيپۇللايوف ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، قۇمۇل دېھقانلىرى ئۇنى يوقلاپ تۇردى. سايپۇللايوفنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن

شىنجاڭ خەلقىنى جۇملىدىن قۇمۇل خەلقىنى قاتتىق قايغۇغا سالدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا قۇمۇل دېھقانلىرى ناھايىتى تېزلا خەۋەر تاپتى ۋە ئالتۇنلۇق چوڭ ئەترەتتىن ئېلى ئىمىن موللا قاتارلىق بىر نەچچە كادىر ۋە دېھقان ئۇرۇمچىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا قاتناشتى ھەمدە ئۇزلىرىنىڭ قايغۇسىنى بىلدۇردى. . .

سەيدۇللا سەيپۇللايوف پارتىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى يېزىلارغا قارىتىلغان تۇرلۇك سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، كېچە - كۈندۈز دېھقانلارنىڭ غېمىنى يەيتتى.

سەيپۇللايوف ھاياتنىڭ قەدرىنى ئەڭ ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆمرىنى ھارماي - تالماي ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھارماي - تالماي ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ۋە بۇ ئادەتنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇردى. ئۇ كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشقا، تېلېۋىزور كۆرۈشكە، رادىئو ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىدى. ھەتتا ئۇ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەندىمۇ خەتنى چوڭايتىش ئەينىكى بىلەن كۆرۈپ ماتېرىيال كۆرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. بەزى ماتېرىياللارنى نەۋرىلىرىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ دىئابىت، سۈيدۈك يولى ۋە قانتومۇر كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغاچ كىتاب ئوقۇش، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈشنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى. سىياسەت، قانۇن، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، پېداگوگىكا، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، پەلسەپە، لوگىكا، بوتانىكا شۇنىڭدەك ئېقىم مەسىلىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ زاماندashلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېتۇك زىيالىي بولغاچقا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، ئۆز بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەرگە ۋە ھەرخىل سىناقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالىدى. «كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر - قىممەت تاپىدۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى سەيدۇللا سەيپۇللايوفتەك كىشىلەرگە تازا ماس كېلىدۇ.

«قەلبى ئالىيجاناب كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا ئالىيجاناب ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ».

سەيپۇللايوف ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنى نەشىر قىلىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇ ماقالە يېزىپ مەجمۇئەنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قوللىدى ۋە مەجمۇئەنىڭ مەقسىتى، نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېيىن ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر شانلىق سەھىپە» قاتارلىق بىرقانچە ماقالىنى يېزىپ، مۇشۇ مەجمۇئەدە ئېلان قىلىپ، پېشقەدەم يولداشلارنى ماقالە يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە ئابلىمىت ھاجىيۇپ، ئەنۋەرخانبابا، ئابلىمىت مەخسۇتوف قاتارلىق پېشقەدەم

www.uyghurkitap.com

يولداشلار ئارقا - ئارقىدىن ماقالە يېزىپ مەجمۇئەدە ئېلان قىلدى. سەيدۇللا سەيپۇللا-يوف مەجمۇئەنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا مۇھەررىرلەر بىلەن دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف يەنە «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» گە مەسئۇل بولۇپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى ياراتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرمۇ سەيپۇللايوفنىڭ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللايتتى. ئۇ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» نى قۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. 1995 - يىل 3-ئاينىڭ 12 - كۈنى «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» بېيجىڭدا قۇرۇلدى. بۇ چاغدا سەيپۇللايوف مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلدى، بىراق ئۇ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەئىس بولۇشقا قوشۇلمىدى، كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەت، تۆمۈر داۋامەت شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئۇ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇ بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە رەئىس بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ پەخرىي رەئىسى سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدەت بېرىشى، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ قىزغىن، پائال قوللىشىغا ئېرىشتى، سەيپۇللايوف جەمئىيەتنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش ئورنىغا بارالمىغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۆيىدە ئىشلەندى. 1995 - يىلى 3 - ئايدىن 1998 - يىل 10 - ئايغىچە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەر ئىشلىنىدۇ، مەسىلەن: «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 2 توم (خەنزۇچىسى 3 كىتاب) نەشر قىلىندى، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، بۇ خىزمەتلەر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىگە ئاساس ۋە ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلىغا دائىم ماقالە يېزىپ تۇراتتى، «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» ئۇنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ماقالىسىدۇر.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك نەشر قىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەيتتى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمە يېزىشىنى قىزغىن قوللايتتى، ئۇ سوپاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال سوراپ ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنى نەشرگە تەييارلاش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا مەدەت بەرگەنىدى.

«بىلىم بولغانىنىڭ ئۈستىگە شىجائەت

بولغاندا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ»، «بىلىملا بولۇپ، شىجائىتى بولمىغانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى مېۋە بېرەلمەيدۇ» («ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى» 4- بەت). سەيدۇللا سەيپۇللايوف ياشىنىپ قالغان، تېنى، زېھنى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلمىي روھى، غەيرەت - شىجائىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى خىزمىتىدە ئۇلۇغۋار، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف سەمىمىي، كەمتەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ياخشى ئىستىلىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت، كەڭ خەلق ئاممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلاتتى. خىزمەت ئىستىلى توغرا، پوزىتسىيىسى سىلىق، مۇلايىم ئىدى. خىزمەتداشلىرىغا، سۆھبەتداشلىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمەلدارلىق كىبرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق مىجەزى، مېھماندوستلۇقى، سۆھبەت جەھەتتىكى ئىلمىيلىكى دوستلىرى بىلەن ئۈزۈلمەس رىشتە باغلاشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئۇ باشقىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئادىل باھا بېرەتتى، بىراۋنى ئارتۇقچە ماختىمايتتى، خۇشامەتچىلىكنى، ماختانچاقلىقنى ياقتۇرمايتتى. ئەگەر ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەن بۇ ئەسلىمىنى يازغان بولسام قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف پاك - دىيانەتلىك، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، قانائەتچان ئىدى. ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلاتتى، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇراتتى، خىيانەتچى، پارىخورلارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئۇ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايتتى. ئۇلۇغ پارس شائىرى شەيخ سەئدى شۇنداق دېگەن:

«قورغۇي سۇمۇرۇغدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ،
شۇنداق قارايدۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن كىشى.
لېكىن قورغۇي تاپ چوقۇپ ياشايدۇ،
بىراق سۇمۇرۇغ پاكلىقنىڭ تەشنىسى».

دېمەك سەيپۇللايوف دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك ياشاپ، دۇنيادىن پاك كەتكەنلەرنىڭ تەشنىسىدۇر.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، سەۋرى - تاقەتلىك ئىدى. 50 - ۋە 70 - يىللاردا مەملىكەت بويىچە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بىرقاتار سىياسىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، نەتىجىدە كۆپلىگەن رەھبىرىي كادىرلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىدى، جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ نۇرغۇن كادىرلار زەربىگە ئۇچرىدى، سەيپۇللايوف ئەنە شۇ زەربىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. سەيپۇللايوف ۋەزىيەت دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ قومۇلغا مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇ تەشكىلنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بوي سۇنۇپ قومۇلغا بېرىپ خىزمەت قىلدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىپ، كۆپلىگەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نامىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، سەيپۇللايوفنىڭ نامىمۇ شۇ قاتاردا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ «مەدەنىيەت

uyghurkitap.com



زور ئىنقىلابى» دا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتكەنىدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. بىز ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ 30 - يىللاردىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تارىخى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى. ئۇ شەيئىلەر زامان، ماكان، تارىخىي شارائىت ئىچىدە پەيدا بولۇپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق شەيئىنى زامان، ماكان، شارائىتتىن ئايرىپ قاراش، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ ھادىسىنى ئەمەس ماھىيەتنى كۆرۈش، شەكىلگە ئەمەس مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، سەۋەبسىز نەتىجە بولمايدۇ دېگەننى تەكىتلەيتتى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي شاھىدلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ «شانلىق سەھىپە»، «مەن شاھىد بولغان ئىشلار» قاتارلىق ماقالىلىرى ھەقىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا يېزىلغان.



سەيپۇللايوف تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. يالغانچىلىقنى، مۇبالىغىچىلىكنى، شەكىللىۋازلىقنى ياقتۇرمايتتى. ھادىسىدىن ماھىيەتنى تېپىپ تەھلىل قىلاتتى.

سەيپۇللايوف كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە كۆپرەك قىزىقاتتى. سۆھبەت جەريانىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىياتنى يەنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى، يادرو تېخنىكىسى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ تېز بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئېقىم مەسىلىلىرىگە بەك قىزىقاتتى ۋە بۇ جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى.

دېمەك، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: «ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باقىينىكى، ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ، ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ نامى قالىدۇ». مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ سۆزى، نامى مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# «توقسۇ» نامى ۋە توقسۇ ناھىيىسىدىكى بەزى يەرناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا


ئەخمەت روزى توغرۇل

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)


توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى كۆچا بوستانلىقىغا تەۋە يۇرت بولۇپ، ئەل ئارىسىدا «توقسۇ كۇچانىڭ باغچىسى» دېگەن تەرىپى بار. ئاھالىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئۆرپ - ئادىتى، شىۋىسى، مەدەنىيىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى كۇچا، شايار، باي ناھىيىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

توقسۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن. كۇچا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا توقسۇ كۇچانىڭ غەربىدىكى بىر مەھەللە ئىدى. 1922 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي يېزىسىدىن 12 مەھەللە ئايرىپ چىقىلىپ، توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى (رەسمىي ناھىيە دەرىجىسىگە توشمايدىغان كىچىك ناھىيە) قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ پەرمانى ئارقىلىق، توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى توقسۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى ①.

«توقسۇ» نامى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «توقسۇ» نامى «توق» دېگەن سۈپەت بىلەن «سۇ» دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «سۇغا توق»، «سۇ كۆپ» دېگەن مەنىدە دېگەن قاراش.

2. تۇڭ - خۇز (شەرقىي غۇز) تىللىرىدىن مانجۇ تىلىدا «توقسۇ» — «باغ، گۈلىستان» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قاراش ②.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشاۋاتقان رايونلاردا «سۇ» دېگەن ئىسىمغا سۈپەت سۆزلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان يەر ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئاقسۇ» (ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامى)، «چوڭسۇ» (ئاتۇشتا)، «كەڭسۇ» (موڭغۇلكۈرەدە) قاتارلىقلار. «توقسۇ» نامىنىڭ ياسىلىشى يۇقىرىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنى مانجۇ تىلىدىكى «باغ، گۈلىستان» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز بىرىنچىدىن، ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، ئىككىنچىدىن، مانجۇلارنىڭ بۇ يۇرت بىلەن ئۇچرىشىشى چىڭ سۇلالىسى



www.uyghurkitap.com



جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يۇرت ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا بار ئىدى.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يۇرتتا ئىلگىرى توققۇز ئۆستەڭ بولغان، كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا بۇ يۇرتنى «توققۇزسۇ» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلاردا دەريا-ئېقىن، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى «سۇ» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار. بۇ سۈپەت بىلەن ياسالغان ئىسىم بولماستىن، سان بىلەن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت. بۇنداق يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئىككىسۇ» (ئىككى ئېرىق دېگەن مەنىدە، پوسكامدا)، «يەتتەسۇ» (يەتتە ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا)، «سەككىز ئېرىق» (ئاۋاتتا) قاتارلىقلار. «توققۇزسۇ» دېگەن سۆزنىڭ «توقسۇ» بولۇپ ئۆزگىرىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق هادىسە هېسابلىنىدۇ. جانلىق تىلدا تاۋۇشلار ئۆزئارا تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە بىرى يەنە بىرىنى ئۆزىگە تامامەن ياكى قىسمەن ئوخشاش قىلىۋالىدىغان هادىسە كۆرۈلىدۇ، بۇ ئاسسىمىلاتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «تۇزسىز» دېگەن سۆز جانلىق تىلدا «تۇسسىز» دەپ، «سامانلىق» دېگەن سۆز «ساماللىق» دەپ ئېيتىلىدۇ. «توققۇزسۇ» دېگەن سۆزدىمۇ كېيىنكى تاۋۇشنىڭ ئاۋۋالقى تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشىدىن ئىبارەت تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە كۆرۈلۈپ، دەسلەپتە «توققۇسسۇ» بولغان، كېيىنچە جانلىق تىلدا تېخىمۇ ئىخچاملىنىپ، «توقسۇ» دەپ ئۆزلەشكەن.

بۇ نام ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا هازىرغىچە «توقسۇ» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. خەنزۇچە نامى 1941 - يىلدىن بۇرۇن «托克苏» دەپ يېزىلغان. شۇ چاغلاردا بۇ نام توقسۇن ناهىيىسى بىلەن تەلەپپۇزدا ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئىككى جاينىڭ خەت - چەكلىرى دائىم خاتا يوللىنىپ قالغان. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ دوكلات يوللىشى، دۇبەن شېڭ شىسەينىڭ تەستىقلىشى بىلەن، توقسۇ ناهىيىسىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «新和» (شىنخې) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ خەنزۇچە «新疆和平» (شىنجاڭ تىنچ) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان③. مەتبۇئاتتا هازىرغىچە شۇنداق ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. هازىر ئۇيغۇرچە نامى جانلىق تىلدا يەنىلا، «شىڭخا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، خەنزۇچە ئاتىلىشىنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزغا ماسلاشتۇرۇلۇپ بۇزۇپ ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت.

توقسۇ ناهىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى تارىختا شەكىللەنگەن، بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، بۇ يەر ناملىرىنىڭ بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالاهىدىلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان باشقا يۇرتلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

1. ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا - ئېقىن، كۆل، بۇلاق نامى بىلەن ئاتالغان جايلار. بۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يەر نامى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: ئىچئېرىق، تاشئېرىق، ئاقئۆستەڭ، غولئېرىق، يېڭىئېرىق، ئويئېرىق، قالجاقئېرىق، قوشئېرىق،

قودۇقئېرىق، قومۇشلۇقئېرىق، قۇمكۆل، قۇملۇقئېرىق، تاغئېرىق، ئۈجمەئېرىق، ئىگىزئېرىق، توغرائېرىق، توپاقئېرىق، تۇرئېرىق، دۆڭئېرىق، پىلىكئېرىق، تاتلىقبۇلاق، كەڭرىداش، سوقاكۆل، شورياراش.

2. يەر شەكلى، شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە تەقلىد قىلىنغان ۋە چىقىدىغان مەھسۇلاتىغا ئاساسەن قويۇلغان ناملار. مەسىلەن: ئاتبېشىدۆڭ، ئاچادۆڭ، ئاچال، توغراقۇم، ئويمەھەللە، قارادۆڭ، قاراقۇم، توپادۆڭ، سۇپادۆڭ، بوستان، قاتارقۇم، پاختىلىق، تۇزلۇق، مانانلىق (تۇمانلىق دېگەن مەنىدە)، شامالسىرتى (ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى تەرىپى پەس بېلىق سىرتى جاي بولۇپ، شامال سىرتىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان)، بوغماق مەسچىت، ئۈزۈنپىچىن، توڭگۇزباش، بۆرەسۇلاق.

3. ئادەم، قەبىلە - مىللەت ئىسمى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. ئۇلار مۇنۇلار: قالماق مەھەللىسى، تىگىن (قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كۆپرەك پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى بىر ئەرەب دىن تارقاتقۇچى بۇ يەرگە كەلگەندە يەرلىك كىشىلەر چىرايلىق كىيىنىپ، ئۇنى شاھزادە قاتارىدا قىزغىن كۈتۈۋالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ نامى تىگىن بولغان)، بەگلىكئېرىق، خەلپە ئېرىق، خوجاتورۇس.

4. قەدىمي شەھەر - قەلئە، تۇر ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. بۇنداق يەر ناملىرىمۇ نىسبەتەن كۆپ، ئۇلاردىن ئۇچقات شەھىرىلا يېزا نامىنى ئالغان، قالغانلىرى كەنت - مەھەللە ناملىرىدىنلا ئىبارەت. مەسىلەن: توپاشەھەر، قىزىلشەھەر، چولاقشەھەر، چولاقتۇر، رۆجەكشەھەر، يۇلغۇنشەھەر، لەڭگەر، قۇمتۇر، موللاتۇر، چارەكشەھەر، يۇلغۇنشەھەر، تۇزتۇر. بۇلاردىن باشقا قەدىمي خارابە - ئىزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىمۇ بار.

5. سان بىلەن ئىپادىلەنگەن يەر ناملىرى. ئۇلار مۇنۇلار: تۆتتاش، ئۇچقات، بەشتوما، ئىككى بۇلاق.

6. ھەرخىل رەڭ ۋە سۈپەت سۆزلىرىدىن ياسالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن: قاراتاش، قىزىلتام، ئاقئۆستەڭ، سېرىقتوغراق، چوڭتوغراق، كالتاقېچىچى، كۆكتوغراق، چوڭ قېچىچى، پاكارتام، كونابوز.

7. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ھايۋانات ناملىرىنى يەر نامى قىلىپ قوللىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، توقسۇ ناھىيىسىدە بۇنداق يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قارىياغاچ، تامتوغراق، تېرەكلىك، سۇپاتوغراق، سۆگەتكۈزلەك، سۆگەتقوتان، چىلان، غازمەھەللە، بۇقاتېمى، توپاق مەھەللە، بۆرەتىكەن، قۇشقاچتام، توشقانبۇلاق.

8. قۇرۇلۇش نامى ياكى قۇرۇلۇشنىڭ ئورنىغا قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرى، مەسىلەن: مۇنار، قىزىلتام، توما، پاكارتام، خانقاتام، نورباشلام، تۆگمەنبېشى، لەمپە، نورباشلام، ئاراتۆگمەن، چوڭكۆۋرۈك، موماتوغراق، كۆتەرمە، گۈمباز (گۈمبەز)، ياتاساتما، كارىز، قۇمساتما، يانتاققۇدۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قومۇشقۇدۇق.

9. بازار نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا بازار قوغلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ياكى بازار ئايلىنىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بولغاچقا، توقسۇ ناھىيىسىدىمۇ باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشاش بىر ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە بازار بولىدۇ. بۇ بازارلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز يىغىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. بازار بولغان جاي شۇ كۈننىڭ بازار نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: دۈشەنبە بازار (ناھىيە بازىرى)، يەكشەنبە بازار (يۇلتۇزباغ يېزىسى)، ئازنا بازار (ئۇچقات يېزىسى)، شەنبە بازار (كەنت نامى)، پەيشەنبە بازار (يېزا نامى)، چارشەنبە بازار (كەنت نامى).

10. خەنزۇچە ئاتالغان يەر ناملىرى. ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم كوچىلارغا خەنزۇچە ئات قويۇلغان. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا بىر قىسىم گۇڭشېلارنىڭ نامى خەنزۇچە ئىنقىلابىي سۆزلەر بىلەن ئاتالغانىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئادەتلەنگىنى بويىچە ئاتاپ كەلمەكتە. مەسىلەن: دايۇلتۇز (يۇلتۇزباغ)، شويۇلتۇز (ئۇگەن)، دوڭپېڭ («شەرق شامىلى» دېگەن سۆز، ئەسلى نامى لەڭگەر). ئەمما خېلى بۇرۇنلا خەنزۇچە ئاتىلىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن يەر ناملىرىمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: رۇڭچۇڭجاڭ (ئەسلىسى يۇڭفېڭجۇاڭ)، پوتەي، سەيپۇڭتېرەك.

11. كەسپكارلار نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن: ئاراچى، پاقلانچى، قېچىچى.

12. ئىش - ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان يەرناملىرى. مەسىلەن: سۇباستى، خورازئۆلدى، بەلكەستى ④.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

①③ «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 58 - بەت.

② ئىمىن تۇرسۇن: «تويپىنىمغا دائىر ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1996- يىللىق 2 - سان، 62 - بەت.

④ «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» توقسۇ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1992 - يىل 12 - ئاي.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يېتۈك ئۇستازى — ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ دامولا ھاجىم

ئەكبەر ياسىن

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى. ئاشۇ قىممەتلىك گۆھەرنى جاھانغا تونۇتۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، نەچچە مىڭلىغان شاگىرتلارنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىليونلىغان بىمارلارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تۈركىي تىللار ۋە جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۆزىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلىغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر تىلشۇناس، تارىخچى، ئەدىب، كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ دامولا ھاجىمنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «مەرھۇم ئالىمنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىنى مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ».

بۇيىل بۇ مۆھتىرەم زاتتىن ئايرىلغىنىمىزغا 8 يىل بولدى. مەن ئالىمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى جۈملىدىن ۋەتەنگە، خەلققە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، بىلگەنلىرىمنى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يازدىم.

ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ دامولا ھاجىم 1919- يىل 5 - ئايدا قەدىمىي شەھەر خوتەندە ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر تىۋىپ يۇسۇپ ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك ئىدى. ئۇ 4 ياشقا كىرگەندە دادىسى يۇسۇپ ئاخۇنۇم ئۇنى غوجامكۆل بېشىدىكى دىنىي مەكتەپكە بېرىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇپ قۇرئان ساۋادى چىققاندىن كېيىن، قاراقاشقا بېرىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ، روزى ئەمەت دامولامدىن ھۆسنىخەت يېزىشنى ئۆگىنىدۇ. 1933 - يىلى خوتەندە قۇرۇلغان دارىلئۇلۇمدا ئوقۇيدۇ.

1935 ـ 1939 - يىلغىچە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خوتەن تەبرىزىم مەسچىتىدە خاتىپلىق قىلىدۇ. ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا دادىسىدىن تىبابەتچىلىكنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىدۇ.

1940 ـ 1946 - يىلغىچە ئۇ ھىندىستاندا ئوقۇپ يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان قاراقاشلىق مەتنىياز مەۋلىۋىدە ئوقۇيدۇ. 1946 ـ 1949-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلغىچە ئۆزىنىڭ ئەرەب، پارس تىلى جەھەتتىكى ئاساسىغا تايىنىپ، دەسلەپتە تۈرك تىلىنى ئۆگىنىدۇ، كېيىن يونۇس ھاجىمدىن ئوردو تىلىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە پارس تىل - ئەدەبىياتى، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىلاھىيەت پەلسەپىسىگە دائىر كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە دىنىي ئەسەرلەرنى ئۆگىنىدۇ. بولۇپمۇ دۇنياغا شەرقنىڭ مېتافىزىكى دەپ تونۇلغان مەۋلانە جامالىددىننىڭ 6 توملۇق ئەسىرى «مەسنىۋى شەرىپە» نى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. فارابى، ئىبنىسىنا، مۇھەممەت غەززالى، ئىبنى رومى موھۇيدىن ئەرەبى قاتارلىق ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى شەرھلەيدۇ. ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىراننىڭ مەشھۇر ئەدىبى شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلۈستان» ۋە «بوستان»، مەۋلانە شەمسىدىن تەفرىزىنىڭ «كۇللىياتى تەبرىزى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئەرەب ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەردىن «مۇقاماتى ھەرىرىي»، «مۇتى نەبىيۇن» نى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ھەماسىبە» ناملىق ئەسىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم ئازادلىقتىن كېيىن يەنە خوتەندە ئېچىلغان تېببىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىدۇ. ئاندىن خوتەن شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلەيدۇ، كېيىن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن كونكرېت خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېۋىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، 10 نەپەر ياشنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى كېسەللىك كۆپ، تېببىي خادىم كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

يولداش ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىم ئۇيغۇر تېبابىتى ساھەسىدە ئۆگەنگۈچىلەر كۆپ، ماتېرىيال قىس بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىت جاپالىق ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى ئەمەلىي مەشغۇلات داۋامىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەككە دورىلار لۇغىتى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ ھەمدە كىتابتىكى خەنزۇچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، پارسچە، ئوردۇچە، رۇسچە ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ كىتاب 1957 - يىلى نەشر قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق مېھنىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئەينى چاغدا تېۋىپلىققا دائىر كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى پارس تىلىدا بولغاچقا، مۇكەممەل تېۋىپ ۋە ھېكىم بولۇش ئۈچۈن پارس تىلىنى بىلىش زۆرۈر ئىدى. ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىم بۇ زۆرۈرىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پارس تىلى دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقىپ شاگىرتلارغا پارس تىلى ئۆگىتىدۇ.

ئۇ يەنە بىرقىسىم تېببىي، ئىجتىمائىي ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى

مەشهۇر قەبرىگاھلار» دېگەن ماقالىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىدۇ.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىمنىڭ تېزلا نام چىقىرىپ خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشىشى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تەلىيىگە 1958 - يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. بىرقىسىم مەدەنىيەت ھەسەتخورلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يېتۈك ئالىمغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ھەرىكەت باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالىم ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بىر يىلچە ئورۇنسىز، ناھەق كۈرەش قىلىنىدۇ. قارا نىيەتلەر ئالىمغا ياشلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىپ ئۇلارنى زەھەرلىدى، «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» دېگەندەك بۆھتانلارنى چاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پاك ئىنسانغا بۇ خىل تۆھمەتلەر يۇقمايدۇ. بىرقىسىم ھەسەتخولار باشقىچە بىرخىل تۇزاق قۇرۇپ، ئالىمغا خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئىشىنى تاپشۇرىدۇ، ئۇ بۇ ئىشنى ئەۋلادلارغا پايدىلىق ئىش ئىكەن دەپ قاراپ، ھەرتەرەپلىمە ئىزدىنىپ، خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى چىن، مۇكەممەل يېزىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى ئايرىم تۇزاقچىلار بىراقلا ئۆزگىرىپ، ئالىمغا «33 - يىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ نەق شېرىكى ئىكەنسەن» دېگەن بەدنامنى چاپلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئالىم قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدىكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، قەبىھ قىيناشلار ۋە غورىگىل تاماقلار ئالىمنى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويىدۇ، لېكىن ئالىم تۈرمىدىكى كۈنلىرىنى ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئالىم تۈرمىدە مەھبۇسلارنىڭ كېسىلىنى كۆرىدۇ، كېيىنچە گۇندىپايلارمۇ ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسىتىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئۇ ئۆز كەسپىنى تۈرمىدىكى بىرنەچچە كىشىگە ئۆگىتىدۇ. كېيىن ئۇ تۈرمە دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

تۈرمە دوختۇرخانىسى ئالىمنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تۈرمىداشلىرىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەربچە داۋالاش ئىلمىنى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدۇ، كېيىن تۈرمىدە «ھايۋانات كېسەللىكلىرىنى داۋالاش» دېگەن كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ بىر ئاساسلىق رەھبىرى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىنىش ئۈچۈن خوتەنگە كېلىدۇ ۋە ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۈرمىدىن چاقىرتىپ كېلىپ كېسىلىنى كۆرسىتىدۇ، نەتىجىدە ئۇ رەھبەرنىڭ كېسىلى ئالىم يېزىپ بەرگەن ئىككى رېتسىپ بىلەن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى تۈرمە سىرتىغا تارقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شۇ يەرلىك كىشىلەر ئۇنى تۈرمىدىن كېپىللىككە ئېلىپ چىقىپ كېسەل كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇن بىمارلار ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپىدۇ. ئۇ «ئۇيغۇر تىبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «يەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمى ساۋاتلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى بىر

بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

1976 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالىم «ناھەق قارىلىنىپ ئۇۋال قىلىنغان» دېگەن ئۇقتۇرۇش بىلەن تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ ۋە ئېلچى بازارلىق ئامبولاتورىيىگە ئىشقا ئورۇنلىشىپ ھايات مۇساپىسىنى يېڭىۋاشتىن باشلايدۇ.

1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تېۋىپ تەربىيىلەش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كۇرستىكى 40 كىشىگە دەرس ئۆتىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئەنگلىيىلىك ئەر - ئايال تارىخچىلار جەنۇبىي شىنجاڭ تارىخىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئالىمنى بۇ ئىككى تارىخچىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئالىم ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا توغرا، ئەتراپلىق جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

1979 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىبراھىم مۇتىيى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىملار بىلەن بىللە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا قاتنىشىدۇ.

1980 - يىلى ئىلمىي - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ «مۇڭغۇل تېبابەتچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئوقۇپ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئالىمغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

1981 - يىلى سەھىيە نازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو تېبابەتچىلىك قامۇسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارماق تومىنىڭ 1 - قىسمىنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

1980 - يىل 10 - ئايدىن 1984 - يىل 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە خوتەندە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق ئۇيغۇر تېبابىتى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا دەرس ئۆتىدۇ ۋە خوتەن تېببىي تېخنىكومىنىڭ ھەر قارارلىق سىنىپلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىدۇ.

ئالىم ئۇستا تېۋىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ 1985 - يىلى ھەج سەپىرىدە چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشقاندا تەسىرلىنىپ يازغان «ۋەتەندىن سىرتقا چىققاندا» ناملىق شېئىرى دەسلەپتە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا، كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، زور داغدۇغا قوزغايدۇ.

«ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلدىم ۋەتەندىن سىرتقا چىققاندا، ئەركىنىڭ قەدرىنى بىلدىم ئەركسىزلەر يولۇققاندا» دېگەن مىسرالار ئاشۇ

شېئىرنىڭ مىسرالىرىدۇر.

1986 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكى تارقالغاندا، ئۇ خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرۇپ، «كاسىنى قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەيرى ئا ۋە غەيرى ب تىپلىق جىگەر ياللۇغى كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مەزكۇر كېسەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇ ۋە ئۈنۈملۈك رېتسېپنى ئىجاد قىلدۇ. ئۇ يەنە «جىگەر قېتىش كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدە»، «مىزاج دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللىنىدۇ؟»، «يۈرەك قانتومۇر كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا»، «بۆرەككە تاش چۈشۈش كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى» قاتارلىق بىرقاتار تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ.

1983 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ئالىم جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، جۇڭگو تېببىي پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قاتارلىقلارغا ئەزا ۋە ۋەكىل بولۇپ سايلىنىدۇ. شىنجاڭ مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. ئالىم يۇقىرىدىكىدەك يىغىنلارغا قاتناشقاندا ئۇيغۇر تېبابىتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، گۈللەندۈرۈش يولىدا دادىل سۆز قىلىدۇ ۋە ھۆكۈمەتكە شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىنىستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدىكى كۈچلۈك تەلىپىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ، يەنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى قۇرۇش تەستىقلىنىدۇ. ئۇ 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى دەرسلىك تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشرگە بەرگەندىن سىرت، مەكتەپ يېڭىدىن تۈزگەن «ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئوردو تىلى» قاتارلىق 13 خىل دەرسلىكنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۇ 1988 - يىل 1 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»، «تېببىي ئەخلاق» دېگەن تېمىلاردا دەرس ئۆتۈش بىلەن بىللە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شىپاخانىدا كېسەل كۆرىدۇ. 1988 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىدە دەرس ئۆتىدۇ، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دىئاگنوستىكا ئىلمى» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشرگە بېرىدۇ: 1989 – 1990 - يىللىرى «روھىي ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى» دېگەن دەرسلىكنى يېزىۋاتقاندا كېسەل بولۇپ بالنىستتا يېتىپ قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىشنى تاشلاپ قويماي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالنىستىدا بۇ كىتابنى پۈتتۈرۈپ نەشرگە بېرىدۇ.

ئالىم يۇقىرىدىكىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە تۆھپىلىرى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر كەسپىي تېببىي خادىم... دېگەندەك شەرەپلىكناملارغا ئېرىشدۇ. ئۇ يازغان «ئۇيغۇر تېبابەت دىئاگنوستىكىسى» دېگەن كىتاب 1992 - يىل 11 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشدۇ.

1994 - يىلى ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ساقلىق ساقلاش» ۋە «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن تونۇشتۇرۇلدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېتۈك ئۇستازى ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجىم 1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئالىم ھايات ۋاقتىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىش تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تېببىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەبىئىي پەنلەر مەخسۇس ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى - مىللىي تېبابەت پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تېببىي قامۇسى ئۇيغۇر تېبابىتى تارماق تومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە پەخرى باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرى مۇدىرى، خوتەن شەھەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

بىز ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ پېشىۋاسى، ئالىم، تىلشۇناس، ئەدىپ ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# ئورا ھەققىدە رىۋايەت

## مامۇت غازى

(ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى كىشىلەر ھازىرقىدەك ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى فېئوداللىق قالاق ئىگىلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا ئورا جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاغ سۈيىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان قۇرغاق رايون خەلقىنىڭ زىيانلىق ھاشاراتلاردىن، ئوغرى - بۇلاڭچىلاردىن خالىي، بىخەتەر ئاشلىق ساقلاش ئامبىرى بولۇپ كەلگەنىدى. دېمەك، ئاشلىقنى ئورىغا كۆمۈپ ساقلاش بارلىق دېھقانلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەت ئىدى. ئورا كولاشنىڭ چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمى يوق، ھەر كىم ئۆزىگە كۆمىدىغان ئاشلىق مىقدارىغا قاراپ ھويلىسىغا (قورۇسىغا)، باغلىرىغا ئومۇمەن ئۆزلىرى خالىغان يەرگە ئورا كولاپ بىر ئورىدا بىر تاغاردىن 50 تاغارغىچە ئاشلىق ساقلايتتى. كۆمۈش ۋاقتىدا ئاۋۋال ئورىنىڭ تېگىگە پاكىز قۇرۇق قوم تۆكۈپ، ئۈستىگە سامان سېلىپ، زىغىر پاخىلىنى ئېشىپ ئورىنىڭ چۆرىسىگە ئۈستىگىچە يۆگەپ چىقىپ ئاندىن ئاشلىقنى ئورىغا تۆكەتتى، ئورا توشقاندا ئۈستىگە قۇرۇق شال پاخىلىنى يېپىپ، ئۈستىگە سامان سېلىپ ئاندىن توپا تاشلاپ كۆمۈۋېتەتتى، ئورىغا كۆمۈپ ساقلايدىغان ئاشلىق چوڭ دانلىق (مەدەكلىك) قوناق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قوناقنىڭ نامى كۆممىقوناق دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

### كۆممىقوناق

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ دائىرىسىدە تېرىلىدىغان مەيلى قايسى خىلدىكى قوناق بولسۇن يېزىلاردىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %70 تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ، جۈملىدىن شەھەر - بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق كەمبەغەل ئائىلىلەر- نىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى. شۇنداقلا ئائىلىلەردە بېقىلىدىغان ئات - قېچىر، ئېشەك، قوش كالىسى، شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنى گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بورداپ بېقىلىدىغان كالا، قوي، ئۆي قۇشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بوغۇزى ئىدى. شۇڭا كۆممىقوناقنى كۆزدە ئورۇپ بېشىنى ئۈزگەندىن باشلاپ ئۇن تارتقۇچە يەنە خېلى كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلىناتتى. بۇنىڭ بىرى لاپقۇتلىشىپ قوناق سويۇش بولۇپ، بىر ئايغا يېقىن داۋاملىشىدىغان بۇ ئىشقا ئەر، ئايال، قېرى - ياش ھەممىلا كىشى قاتنىشاتتى. پاسىگىدىن سويۇۋېلىنغان باش قوناقنى ياشلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇدۇپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ ياياتتى. يەردىكى قوناق پاسىگى ئارىسىدا كىچىك باللار بىر - بىرى بىلەن ئوينىشىپ يومىداقلىشىپ ئوخلاپ قالاتتى. قوناق سويۇش ۋاقتىدا چۆچەك - ھېكايە ئېيتىش، تارىخىي جەڭنامىلارنى سۆزلەش، تېپىشماق تېپىش، قىزىقچىلىق قىلىش ئادەتكە ئايلانغانىدى. بەزى مەشھۇر جەڭنامىلەرنى بىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆي ئىگىسى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلەتتى. چۆچەكچىلەر «چۆچىكىم چۆچەك، ئوتتۇرىسى دۈمبەلچەك، سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى، ئۆمىلەپ قېچىپ كەتتى، مەن قوغلاپ يېتەلمىدىم، قۇمغا يېرىپ سىڭىپ كەتتى، ماڭا بىر پىيالە چاي بەرسىلە، چۆچەك ئېيتىپ ئېغىزىم قۇرۇپ كەتتى» دەپ ھېكايە باشلىسا، جەڭنامە سۆزلەيدىغانلارمۇ بىردەم «قازاندا قايناتتىم، بۇ دۇنيا پانىدىن كەچتىم، مۇھەببەت شەربىتىنى ئىچتىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ» دەپ بىردەم مەشرەپنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەيتتى، بىردەم «يىگىرمە ئالتە ياشىمدا كۆڭلەر چۈشتى باشىمغا، ئەرزىمنى ساڭا ئېيتاي، بىر تۇغقان قاياشىمغا» دەپ سىيىت نوچىدىن سۆز باشلايتتى. قوشاقچىلارمۇ «قارا قاشقا سۆيۈق ئوسما، سەنەمنىڭ ئالدىنى توسما، جوگان ئەللىكتىن ئاشقاندا، يىگىتكە كىيدۈرەر بىر غۇلاچ يوسما» دەپ ئاياللارنى چوقان سالدۇرۇپ قوشاق قېتىشقا باشلايتتى. مانا مۇشۇنداق قوناق سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى ئەتكەن تاماقنى يەپ بولۇپ ئۆيلىرىگە كېتىشەتتى. قوناق سويۇش ۋاقتىدا قوللىرى يېرىلىپ، تىرنىقىنىڭ تۈۋىدىن قان چىقسىمۇ ھېچكىم زارلانمايتتى.

مەھەللە بويىچە قوناق سويۇش ئاخىرلاشقاندا، قوناق سوقۇش باشلىناتتى. باشقوناق بىر ئايدىن كۆپرەك ئۆگزىدە قۇرۇتۇلۇپ تۆكۈلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈلەتتى. ئەرلەردىن ئۈچ ياكى تۆت كىشى «دۈمبا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈجمە ياكى جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان كالتەك بىلەن باشقوناقنى سوقۇپ دېنىنى ئاجرىتىپ، ئۆتكەمىدە تاسقاپ شامالدا سورۇپ، پاكىز قىلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە يۆملاق قىلىپ چەشلەيتتى، بىر يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ، تاھارەت ئېلىپ دۇئا قىلىپ، قوناقنى غەلۋىر بىلەن تاغارغا قاچىلايتتى، بۇ خامان ئېلىش دېيىلىدۇ. 10 چارەك قوناقتىن بىر چارەك ئۆشرە ئايرىلىپ بىر ياققا تۆكۈپ قويۇلاتتى. دېمەك، كۆممىقوناق كۈزدە ئۈزۈلگەندىن باشلاپ خامان ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن ئەمگەك سەرپ قىلىش ئارقىسىدا ئاندىن ئۇن تارتىپ يېيىشمۇ، ساتىشمۇ، ئورىغا كۆمىشمۇ بولىدىغان تەييار مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ. ئەينى چاغدا بىر ئورىغا 50 - 60 تاغار قوناقنى كۆمۈپ سېپىتىپ قويماي ساقلىغىلى بولاتتى، كىشىلەر ئەتىيازدا ئورىسىنى ئېچىپ قوناق سېتىش ئارقىلىق قىشچە نېسى ئالغان نەرسىلەرنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش، باللارغا يازلىق كىيىم ئېلىپ بېرىش، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشقا باشلايتتى. ئاشلىق بېسىمدارلىرى بولۇپمۇ كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان جازانىخورلار مۇشۇ ۋاقىتتا قوناقنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ئورىغا كۆمۈپ ساقلاپ ئەتىيازدا قىممەت باھادا سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى.

## ئورا ھەققىدە رىۋايەتلەر

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قوناق پىشقاندا ئورۇپ شېخى بىلەن ئېتىزغا تاشلاپ قويۇپ، ئۇدۇللۇق بېشىنى ئۈزۈپ كېلىپ ئوتتا پۇچىلاپ يەيدىكەن، كېيىن بارا-

بارا قوناقنى قولى بىلەن ئۇۋۇتۇپ دېنىنى ئاجرىتىپ پىشۇرۇپ يەيدىغان بوپتۇ. ئاندىن كېيىن يارغۇنچاق ياساپ، قول بىلەن چۆرۈپ قوناقنى يارما قىلىپ، قازاندا پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. تۈگمەن ياسالغاندىن باشلاپ ئۇن تارتىپ كېلىپ نان يېقىپ، ھەر خىل تائاملارنى ئېتىپ يەيدىغان بوپتۇ. ئەمما قوناقنى كۈزدە ئۈزۈپ پاسكىدىن ئاجراتقاندىن تارتىپ كېلەر يىلى قوناق پىشقىچە قانداق ئۇسۇل بىلەن ساقلاش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىشلار ئارقىلىق، تال چىۋىقىدىن باداڭ ئۆرۈپ (توقۇپ) سويۇلغان باش قوناقنى باداڭدا ساقلىغان. ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقان بولسىمۇ، باداڭنىڭ سىغىمى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە باداڭدا قوناق ساقلىغاندا چاشقان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئاخىرى كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، قوناقنى سوقۇپ مەدەكتىن ئاجرىتىپ تازىلاپ، ئاندىن ئورىغا كۆمۈپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئورىغا دائىر تارىختىن ساۋادى بارلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپپاق خوجا ئىلىدىكى موڭغۇللارنىڭ باشلىقى غالدان قونتەيجىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەردە خانلىق تەختتە ئولتۇرغان چاغدا موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرى خالىغانچە قەشقەرگە كېلىپ ماتا، چەكمەن، شايى، ئەتلەس سېتىۋېلىشىغا، ئۇستا قول ھۈنەرۋەن ياش ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنى غولجىغا ئاپىرىپ قول ئورنىدا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغانىكەن، مال سېتىۋېلىشتا موڭغۇللارنىڭ بىر يارماق پۇلىنى ئىككى يارماق قىممىتىدە ئىشلىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى يارماقتا ساتىدىغان نەرسىسىنى موڭغۇللارغا بىر يارماقتا بېرىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن قەشقەر تەۋەسىدە بىر يارماقنى ئىككى پۇل، بەش يارماقنى 10 پۇل دەپ ئاتاش كېلىپ چىققان، «نېمە ئۈچۈن بىرنى بىر دېمەي ئىككى دەيمىز» دېگۈچىلەرنى دارغا ئېسىپ جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. يەكەن، خوتەن تەرەپلەردە بولسا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ رەقىبى بولغان قاراتاغلىق خوجىلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقى، بۇ جايلاردا ياشىغۇچى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ «بىرنى بىر دېمەي، نېمە ئۈچۈن بىرنى ئىككى دەيمىز» دەپ ھەق گەپنى قىلىپ تۇرغانلىقى نەتىجىسىدە ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ خاتا بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنمىغانىكەن. قەشقەر تەۋەسىدە موڭغۇللار ئاپپاق خوجا قوشۇپ بەرگەن سوپى- ئىشانلارنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي ئاختۇرۇپ، دېھقانلار ساقلاپ كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەقسىز، مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدىكەن. قارشى تۇرغانلارنى ئاپپاق خوجا ئەمەلدارلىرى قاتتىق جازالايدىكەن. ئۆيلەرنى ئاختۇرۇش جەريانىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى ئېلىپ ماڭىدىكەن، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى باغلاپ، مەجبۇرىي ھەيدەپ ماڭىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئاشلىقنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئورا كولاپ كۆمۈپ ساقلاشنى، قىزلىرىنى سىرتقا چىققاندا ئەرەنچە كىيىندۈرۈشنى، قورۇ تاملىرىنى ئېگىزلىتىپ ئۈستىگە تۆشۈك قويۇپ، بۇلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرۇشنى، كېچىسى مەھەللىگە جېسەكچى قويۇپ، نۆۋەت بىلەن جېسەكچىلىك قىلىپ، بۇلاڭچىلار كەلسە تاك - تاك ئۇرۇپ خەلقنى ئويغىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، ئورىغا ئاشلىق كۆمۈش شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت ئىمىنھاجى جوبەيرى

www.uyghurkitap.com

新疆地方志

（季刊）

目　录

2003年第二期

总第六十三期

顾　问

乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑

艾合买提·肉孜·托格如力

# 目　　录


## 文献辑录

在自治区地方志工作会议上的讲话 ………… 司马依·铁力瓦尔地(1)

在自治区地方志工作会议上的讲话 ………… 努尔兰·阿不都满金(7)

认清形势、开拓创新、真抓实干保证
　自治区第一轮修志任务按时完成 ……………………… 崔书杰(13)

## 历史资料

图木休克之战 ………………………………… 买买提明·库尔班(24)

新疆民主改革以及废除封建农奴制度 …… 阿依木姑丽·喀比力(27)

## 学术讨论

是实事还是虚构？ ……………………… 赛都拉·赛甫拉也夫(32)

## 回忆录

怀念赛都拉·赛甫拉也夫 …… 阿不都艾则孜·司马依·库木力(45)

## 地名研究

论《Toksu》地名及新和县部分地名
　特点 ……………………………… 艾合买提·肉孜·托格如力(52)

## 历史人物

杰出的维吾尔医学家阿不都依米提·玉
　苏甫大毛拉阿吉 ……………………………… 艾克拜尔·牙森(56)

## 天山南北

有关粮窖的传说 ……………………………………… 马木提·哈孜(62)

封一：高昌古城一角　　　　　　　约提克尔·尼加提　摄

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

编辑出版：《新疆地方志》编辑部

地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

印　刷：新疆金版印务有限公司

国内统一刊号 CN65—1128/K—W

电话：4640715　邮政编码：830063

定价：3.00 元

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 12 ـ نومۇر

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

تېلېفون نومۇرى: 4640715　پوچتا نومۇرى: 830063

باھاسى: 3.00 يۈەن